


3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قارىمىقىدىكى يۇلتۇز
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە


بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىس-
قىچە تارىخى ............ يى باۋرۇي، ۋاڭ يېپىڭ ........ 1
چاقىلىقتا مائارىپنىڭ پەيدابولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى
........................ سۇلايمان ئابدۇرېھىم ........... 32
بۈگۈرنىڭ كونا بازىرى ۋە ھازىرقى بازار ئەھۋالى
........................ ئوسمان روزى ........... 49
كورلا خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ..........
ئابلاسايىت، باۋۇدۇن چوڭ ........................ 54
يەنە تارىم ۋادىسىدىكى قارا قوشۇنلۇقلار توغرىسىدا ......
........................ سۇلايمان ئابدۇرېھىم ........ 58
خان يولى ۋە ئۆتەڭ ........... ئوسمان روزى ...... 70
ئابلىز ھوشۇر — «چىڭگىزخان» نىڭ قىسقىچە تەر-
جىمىھالى ............... ئابلىمىت مەخسۇم ........... 74
چەرچەننىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى قىس-
قىچە ئەھۋالى ۋە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئازادلىق-
قىچە ئۆتكەن ئامبال ياكى شەنجاڭلار...... غوپۇر ئېزىز ...... 79
ئۆتمۈشتىكى بۈگۈر ھاكىمىيىتى توغرىسىدا ..........
............ ئەھمەت ئىبراھىم، سۇلايمان بارات ......... 102
ياقۇپ بەگ كورلىدا ......... مەخمۇتجان ئاسىم ...... 106
ئازادلىق ھارپىسىدا لوپنۇردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر

ھەققىدە ئەسلىمە ............... غوپۇر ياقۇپ ............... 107
3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايىنبۇلاق رايونىدىكى پائالىـ
يەتلىرىدىن پارچىلار.......... تېيەن دوجۇ ........... موللاخۇن
روزى تەرجىمىسى ..................... 123
قاراشەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ 18 – ئەسىردىكى ئەھۋالى...
ياسىن ھەسەن، ئابدۇۋەلى ............... 135
ئازادلىقتىن بۇرۇنقى لوپنۇر خەلقى...غولامىدىن ئەيسا... 148
تاغ مازىرىدىكى تونۇشتۇرۇش...... مۇتەللىپ تۇردى......174
چاقىلىق دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى،قاراشەھەر ۋالىيسى ياڭمىڭـ
جۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ............... ئابدۇۋەلى روزى ......182
مەرىپەتپەرۋەر زات موساشاكىرۇڭ توغرىسىدا ............
ئابلا سابىت، باۋۇدۇن چوك ............ 211
زونۇن ئىسلاموپنى ئەسلەيمىز ...............
ئىبراھىم سەيدۇللا، سۇلايمان ئابدۇرېھىم ......... 216
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ھال سوراش مەسىلىسى ھەققىدە
ئىزاھەت: ............... غولامىدىن ئەيسا ......... 224

# بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسقىچە تارىخى

يى باۋرۇي    ۋاڭ يىپىڭ

## بىرىنچى. ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئېچىشنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شەكىللىنىشى

ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئېچىش — بەلگىلەنگەن شە-ئىت بويىچە ئادەم كۈچى تەشكىللەپ ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىبارەت. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش چۇنچيۇ دەۋرىدە پەيدا بولغان. جى بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى گۇەن جۇڭ «ئەسكەرلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش»نى ئەڭ دەسلەپتە تەشەببۇس قىلغان. چىڭ شىخۇاڭ تەپرىقىچى 6 بەگلىكنى يوقىتىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن «رۇڭلار بىلەن تىيىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىغا سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جاۋ، جى، چۇ، ۋېي قاتارلىق بەگلىكلەردىكى مەھبۇسلارنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خېتاۋنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنىڭ شاڭجۈن، گۈيلىن، نەنخەي قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە 7 قېتىم كۆچۈرۈپ، بوزيەر ئاچتۇرۇپ ۋە چېگرانى ساقلاتقۇزۇپ، ئۇزۇق - تۈلۈك بازىسى قۇرغان. بۇ يەرلەردىكى ھەر-

بىي تېرىقچىلىق مەيدانلىرى، ئەمەلىيەتتە ھەربىي ئىدارە قىلىشتىكى مەھبۇسلار تېرىقچىلىقى ئىدى. جۇ فۇيەن بۇ خىل چارىنى «جۇڭگونى روناق تاپقۇزۇپ، خولارنى يوقىتىشنىڭ تۈپ چارىسى» دەپ تەرىپلىگەنىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سىياسەتچىسى چياۋسۇ قانۇنچىلارنىڭ تېرىقچىلىق جېڭى سىياسىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا يۇقىرىلارنى چېگرا رايونلارغا كۆچۈرۈپ ۋە ماكانلاشتۇرۇپ، شەھەر ۋە قەلئەلەرنى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەربىي تېرىقچىلىقنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى ياراتقانىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە ئىچكى موڭغۇل، خېتاۋ رايونىدا يۇقىرىلارنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشىنى يولغا قويغاندىن باشقا، ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان 600 مىڭ ھەربىي ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر خېشى كارىدورى ئەتىراپىدىكى جايلاردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولغان ھەربىي تېرىقچىلىق تۈنجى قېتىم يولغا قويۇلغانىدى. كېيىن بۇ ئۇسۇل شىنجاڭنىڭ شۆنلىي (ئۇيسۇننىڭ شىمالىدىكى بىر جاي)، چۈيلى (بۈگۈنكى كورلا رايونى) ۋە بۈگۈر رايونلىرىغا كېڭەيتىلدى. بۇ خىل ھەربىي تېرىقچىلىق بىلەن يۇقىرىلارنىڭ تېرىقچىلىقىنى تەڭ يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى ساۋساۋ «چېرىكلەرنى كۈچەيتىپ، ئوزۇق - تۈلۈكنى غەملەشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى» دەپ تەرىپلەپ، ئۆزىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ئايماق، ۋىلايەتلەردە بۇ ئۇسۇلنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. غەربىي جىن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ بوزيەر

ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنىدى، شىمالىي ۋېي سۇلالە-
سى پېقىرالارنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنىدى.
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ھەربىي ئىشلار بىلەن دېھقانچىلىق
بىرلەشتۈرۈلگەن» مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ئەسكەرلەرنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە پېقى-
رالارنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشى دۆلەتنىڭ ھەممىلا جايىدا ئو-
مۇملاشتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جۇ
يۈەنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەسكىرى كۈچنى قۇدرەت
تاپقۇزۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكنى تولۇقلاپ، دۆلەت-
نىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغدايدىغان تۈپ سىياسەت قىلدى. كې-
يىن يەنە «ئېچىش» نىزامىنى تۈزۈپ، سودىگەرلەرنىڭ بوزيەر
ئۆزلەشتۈرۈشىنى يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى پېقىرالارنى چېگ-
را رايونىدا بوزيەر ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئېتىبار
بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ئېچىلغان يەردىن
10 يىلغىچە باج - پاراق ئالماسلىقنى قارار قىلدى، كۆچۈش
ۋە ئېچىش راسخوتى تارقاتتى، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش
مەبلىغىنى قەرز بەردى. شۇنجىنىڭ 18 - يىلىدىن چيەنلوڭ-
نىڭ 31 - يىلىغىچە بولغان 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە
دۆلەت بويىچە 200 مىليون مودىن كۆپرەك بوزيەر ئېچىلدى.
بۇ چېگرا رايونىنى ئېچىش ۋە ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەت-
تە مۇھىم رول ئوينىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە تۇغ-
لۇقلار تېرىقچىلىقى يولغا قويۇلدى. يەرلەر ۋە مەھسۇلاتلار 8
تۇغلۇق ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى، لېكىن بۇ
يەرلەرنى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئەسكەرلەر ۋە ئوتاقچىلار

ئۇلارغا ۋەكالىتەن تېرىيتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەربىي تېرىقچى-
لىقنىڭ باشقىچە بىر خىل شەكلى ئىدى. ئىلىدا يولغا قويۇلغان
دېھقانلار (خۇرجالار) تېرىقچىلىقى، ئەمەلىيەتتە سودىگەرلەر تې-
رىقچىلىقى ئىدى. بۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سودىگەرلەر
تېرىقچىلىقىدىن ئازراقلا پەرقلىنەتتى.

بۇ قىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بوزيەر ئۆزلەشتۈ-
رۈشنىڭ شەكلى تارىختا ھەر خىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئو-
مۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ھەربىي تېرىقچىلىق (جۇملىدىن تۇغ-
لۇقلار تېرىقچىلىقى)، پۇقرالار تېرىقچىلىقى (جۇملىدىن ئۇي-
غۇرلار تېرىقچىلىقى)، سودىگەرلەر تېرىقچىلىقى ۋە مەھبۇسلار
تېرىقچىلىقىدىن ئىبارەت 4 خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان.
ئەڭ بۇرۇن چىن دەۋرىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاستىدىكى
مەھبۇسلار تېرىقچىلىقى يولغا قويۇلغان. ئۇندىن قالسا خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىي تېرىقچىلىق ۋە پۇقرالار تېرىقچى-
لىقى يولغا قويۇلغان. ئەڭ ئاخىرىدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
سودىگەرلەر تېرىقچىلىقى يولغا قويۇلدى. بايىنغولىن رايونىدا
ئېلىپ بېرىلغان بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەربىيلەرنىڭ بوزيەر
ئۆزلەشتۈرۈشىدىن باشلانغان.

## ئىككىنچى. بايىنغولىن رايونىنىڭ تارىختىن بۇيانقى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

بايىنغولىن ئوبلاستىدا 8 ناھىيە، بىر شەھەر (قاراشەھەر،
خېجىڭ، خوشۇت، باغراش، بۈگۈر، لوپنۇر، چاقىلىق، چەر-

چەن ناھىيىلىرى ۋە كورلا شەھىرى) قارايدۇ. يەر - زېمىنى كەڭ بىر رايون. خەن سۇلالىسى غەربىي رايوننى باشقۇرغاندا بايىنغولىن رايونىدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتىنى نۇقتى-لىق يولغا قويغان. چۆيلى (بۈگۈنكى كورلا رايونى)، ئورۇم-تاي (بۈگۈر) شىنجاڭدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى راۋاج-لاندۇرۇشنىڭ بۆشۈكى بولغان.

غەربىي خەن سۇلالىسى جياڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئات سودىسىدا پەرغانە دۆلىتى (بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىسى) بىلەن ماجرا-لىشىپ قالغاندا، مىلادىدىن ئاۋالقى 104 - يىلى (خەن سۇلا-لىسىنىڭ تەيچۇن تۇنجى يىلى)، خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنى ئېرشى سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ، قوشۇن بىلەن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. يولغا ئېلىپ ماڭغان ئوزۇق - تۈ-لۈك يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بۇ قوشۇن «كۈچى يەتكەنلەر چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئوزۇقلان-غان، ئاجىزلار ئاچلىقتىن يول ئۈستىدە ئىڭراپ ئۆلگەن» تى-راگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە قېلىپ مەغلۇپ بولدى. تەيچۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىدىن ئاۋالقى 102 - يىلى) پەرغانىگە 2 - قېتىم ھۇ-جۇم قىلدى. 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا ئوزۇق - تۈلۈك قورال - جابدۇق توشۇش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 100 مىڭ كالا، 30 مىڭ ئات، ئېشەك، بىر قانچە 10 مىڭ تۆگە قاتار-لىقلارنى ئالۋاڭغا تۇتتى. ترانسپورت كۈچىنىڭ مۇشۇنداق زور بولۇشى پۈتۈن خاندانلىقنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. «ئەسكەرلەر دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايانماي، ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەش» تى

ئەشقا ئاشۇرۇش، ھەمدە ئۇيان - بۇيان ئۆتكەن ئەلچىلەر ۋە چوڭ تىپتىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ تاماق ۋە ياتاق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى غەربىي رايوندا ھەربىي تېرىقچىلىقنى تۇنجى قېتىم يولغا قويدى. «خەننامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە بۇ ئەھۋال تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئېردىشى سانغۇنى پەرغانىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەر قورقۇپ، خەن سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىمۇ غەربىي رايونغا كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۇڭخۇاڭنىڭ غەربىدىن لوپنۇرغىچە مۆتەك - قورۇلار قۇرۇلدى. بۈگۈر، چۆلىدە بىر قانچە يۈزدىن بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەر تۇرغۇزۇلۇپ، بۇلارنى ئەلچى چېرىكچى باشقۇردى. چەت دۆلەتلەرگە ئەلچىلىككە ماڭغانلارنىڭ ياتاق ۋە تاماقىنى تەمىنلىدى. بۇ چاغدا ئېچىلغان بوزيەر كۆلىمى 500 مىڭ موغا يەتكەنىدى.

جىڭخې يىللىرى، ئاشلىق دۆۋىسى (تۇتۇق بېگى) -ساڭ خۇڭلياڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، چېگرا مۇداپىئە مۇئەسسەلىرىنى كۆپەيتىمش، 3 نەپەر چېرىكچى ئامبال (شاۋۋې) ئەۋەتىمش، سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش ۋە بۈگۈر، كورلا رايونىدا بوز يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. پادىشاھ خەن ۋۇدى 32 يىلغىچە داۋاملاشقان سىرتقا قارىتىلغان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن دۆلەت خەزىنىسىنىڭ

قۇرۇپ كېتىپ يۇقىرىلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنىڭ
كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت تۈپ سىياسىتى-
نىڭ ئەسكەرلەر ۋە يۇقىرىلارنى ئارام ئالدۇرۇش ئىكەنلىكىنى
نەزەردە تۇتۇپ، ساڭ خۇڭلياڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلى-
دى، ھەمدە «بۈگۈر جىنايىتى» ھەققىدە خان يارلىقى چۈشۈ-
رۈپ، شىمالدا ھونلارغا زەربە بېرىش، پەرغانىغا ھۇجۇم قى-
لىش ۋە كورلا رايونى، بۈگۈرلەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قا-
تارلىقلارغا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتتى. بۇ پوزىتسىيە
قارا چاپلاش ۋە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش پۇرىقىغا ئىگە بولغاچقا، بوز-
يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتىش تەكلىپى ئەمەلگە ئاشما-
مىدى. خەن جاۋدى يىللىرى، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي
رايوندىكى «شەھەر بەگلىكلىرى» ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كې-
لىش كۆپىيىپ، مۇناسىۋەت يېقىنلاشتى. يۈەنفېڭنىڭ 4 -
يىلى (مىلادىدىن ئاۋالقى 77 - يىلى) ساڭ خۇڭلياڭنىڭ
تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇزۇن تەتى شاھزادىسى لەيدەننى چېرىك-
چى ئامبال ( شياۋۋېي ) قىلىپ تەيىنلەپ، بۈگۈردە بوز يەر
ئاچقۇزدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسىدە كورلا رايونىمۇ
بار ئىدى. شۇ چاغدا كورلا رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى
لوپنۇر، بوستان (بۈگۈنكى چوقۇي يېزىسى)، كىنگىت (قارا شە-
ھەر) قاتارلىق دۆلەتلەر ھونلارنىڭ مالاي تۇتۇق بېگى باتىس-
قاننىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. لەيدەن بوز يەر ئېچىش رايو -
نىنى غەربكە يۆتكىدى. بۇ كىچىك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارشىلىقىغا
ئۇچرىدى، لەيدەن ئۆلتۈرۈلۈپ، پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى.
شۇ يىلى خەن جاۋدى پىشامشان (بۈگۈنكى چاقىلىق) پادىشاھى

ۋې تۈجىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن بىرسىمانى 40 ئەسكەرنى ميران-
دا (بۈگۈنكى چاقىلىقتىكى توبۈت قەلئەسى) بوز يەر ئېچىشقا
ئەۋەتتى. ھازىر بۇ قەدىمقى قەلئە ئەتراپىدا شۇ چاغلاردىكى
بوز يەرلەرنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان كونا ئېرىقلىرىنى كۆر-
گىلى بولىدۇ. بۇ قەدىمقى قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا كەڭلى-
كى 10 — 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 34 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆس-
تەڭ بار. بۇ ئۆستەڭگە ميران دەرياسىدىن سۇ باشلانغان. ئۆس-
تەڭ لىنىيىسىدە 7 تارماق ئۆستەڭ بار، قوش يۆنۈلۈشلۈك سۇ-
غۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ سۇ بۆلۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ
سۇغۇرۇش رايونىدا 45000 مودىن كۆپرەك يەر بار. ئېرىق-
ئۆستەڭ تورلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى، سۇ باشلىمىنى تىزگىن-
لەشنىڭ ئەتراپلىق بولۇشى، تا بۈگۈنگىچە بايقالغان قەدىمقى
سۇغۇرۇش رايونلىرىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق
چوڭ كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشنى 40 نەچچە ئەمەلدار ۋە ئەسكەر
ئورۇنداپ كېتەلمەيدۇ، بۇ قۇرۇلۇشقا پىشامشان دۆلىتى ياردەم
بەرگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە كىرورانىدا بوز يەر ئاچقان سۇ-
مەي كۈچ تەشكىللەپ چەرچەن دەرياسىنى توساشتىن ئىبارەت
چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتىنى ئېلىپ بارغان.

« سۇچىلىق دەستۇرى ئىزاھى، دەريالار پارچىسى » دا:
« دۇڭخۇاڭدىكى سۇ مەي، جىيۇ چۈەن، دۇڭخۇاڭدىن مىڭ نەپەر
ئەسكەرنى بوزيەر ئېچىشقا يۆتكەپ بېرىپ، چېدىر ئۆيلەرنى تى-
كىپ، پىشامشان، كىنگىت، كۆسەن دۆلەتلىرىنىڭ ھەر بىرسىدىن
مىڭدىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ چەرچەن دەرياسىنى توسىدى.
دەريانىڭ سۈيى شاۋقۇنلۇق ئېقىپ، بەزىدە ياسىغان توسمىنى

ئېلىپ كەتتى...... 3 كۈن قاتتىق ئىشلەپ، دەريانى ئاخىر تو-
سىدى، دەريا سۈيى ئارقىغا قايتىپ، ئەتراپتىكى مۇنبەت تۇپ-
راقلار سۇغۇرۇلدى. خولار بۇ ئىشنى كارامەت ئىش دەپ ماخ-
تاشتى. يەرلەر 3 يىل تېرىلىپ، تاغار - تاغارلاپ ئاشلىق ئې-
لىندى » دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردىكى كىروران،
چاقىلىق، چەرچەن رايونلىرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ
گۈللەنگەن دەۋرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىدىن ئاۋالقى 68 - يىلى، قاڭقىل ( بۈگۈنكى تۇر-
پان ) پادىشاھى هونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەن سۇلا-
لىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. خەن سۇلالىسى سىلاك ( مۇئا-
ۋىن نازىر ) جىڭ جى، شياۋ ۋېي ( چىرىكچى ) سىماشىنى
مەھبۇسلارنى باشلاپ بېرىپ كورلىدا بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق
توپلاشقا ئەۋەتتى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، جىڭ جى بوز يەر
ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنى ئاساسىي كۈچ قىلىپ، « شەھەر بەگ-
لىكلىرى » دىن 10 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر توپلاپ قاڭقىلنىڭ
جاۋ شى ( يارغۇل ) شەھىرىگە هۇجۇم قىلدى. ئوزۇق - تۈ-
لۈك تۈگەپ، ئەسكەرلەر كۆپ قىرىلىپ كەتكەچكە كورلىغا قايت-
تى. كېلەر يىلى يەنە قاڭقىلنىڭ تاش شەھىرىگە هۇجۇم قىل-
دى. قاڭقىل پادىشاھى يېڭىلىپ، خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بول-
دى. جىڭ جى كورلىدا 300 ئەسكەرنى بوز يەر ئېچىشقا قال-
دۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلىرىگە قاڭقىلدا بوز يەر
ئاچقۇزدى.

قاڭقىل — هونلارنىڭ بوز يەر ئېچىش بازىسى ئىدى.
خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى قاڭقىلدا بوز يەر ئاچقاندىن

كېيىن، ھونلار ئاشلىق مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھونلار كۆپ قېتىم ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. جىڭ جى كورلا رايونىدىكى 1500 نەپەر بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرنىڭ ھەممىسىنى قاڭقىلغا بوز يەر ئېچىشقا يۆتكىدى. ھونلار ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ ھۇجۇم قىلدى. جىڭ جى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۈنۈملۈك ھالدا قارشى تۇرالماي قاڭقىلدىن چېكىنمەكچى بولدى. بىر قانچە كۈن ھونلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ ئاخىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ چېكىندى. خەن سۇلالىسى «يول يىراق، چىقىم كۆپ» دېگەننى باھانە قىلىپ، قاڭقىلدىن چېكىنىپ چىقىشقا يارلىق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر ۋە قاڭقىل پۇقرالىرى بىرلىكتە كورلا رايونىغا قايتىپ ئورۇنلاشتى. قاڭقىلنىڭ كېيىنكى شاھزادىسى جۇنسۇنى قاڭقىل پادىشاھى قىلدى. قاڭقىلنى ھونلار ئىگىلىۋالدى. قاڭقىل پادىشاھى: «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرىگە يېقىنراق تۇرساق، ھونلاردىن قۇتۇلۇپ، خەن سۇلالىسىغا يېقىنلىشىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالايمىز» دېگەن. شۇ چاغدا كورلىدا بوز يەر ئېچىشنىڭ كۆلىمى تارىختا پۈتۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەر سانىدىن، شۇ چاغلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى ۋە بۇ مەزگىلنىڭ 10 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

خەن شۈەندى شىڭ جياۋ 2 - يىلى ( مىلادىدىن ئاۋالقى 60 - يىلى ) كورلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا يېقىن بولغان ئوردى شەھىرىدە ( بۈگۈنكى بۈگۈر چېدىر يېزىسى )

غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يول ۋە قاڭقىلنىڭ غەربىدىكى شىمالىي يول ( كىروران، ئالدى قاڭقىل، كىنگىت، كۈسەن ( كۇچا )، سۇلى ( قەشقەر ) ئارقىلىق پامىردىن ئۆتىدىغان يول ) نى باشقۇردى. بۇ ۋاقىتتا يىپەك يولىدىكى جۇڭگو بىلەن غەربىي رايوندىكىلەر قاتنىشىدا « ئۆتەڭلەر ئارىلىقىدا يولۇچىلار ئۈزۈلمەي، ياقا يۇرت سودىگەرلىرى ۋە ئەلچى - ساقارچىلىرى ھەر كۈنى قورغان تۇۋىگە كېلىپ تۇرغان » دەبدەبىلىك ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. ئىككىنچى يىلى، ھون پادىشاھى باتىسقان خەن سۇلالىسىغا ئەل بولدى. ھونلارنىڭ كىنگىتتە تەسىس قىلغان مالاي تۇتۇق بېگى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھونلار ئاجىزلىشىپ غەربىي رايونغا ھۇجۇم قىلالمايدىغان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيسۇن ( بۈگۈنكى ئىلى دەرياسى ۋادىسى )، قاڭلى ( سەمەرقەنت، بۈگۈنكى ئارال دېڭىزى بىلەن كاسپى دېڭىزى ئارىلىقى )، پەرغانە قاتارلىق دۆلەتلەرنى يېقىندا تۇرۇپ نازارەت قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى كورلىدىكى بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى غەربتىكى يەركەنت رايونىغا يۆتكىدى. غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسى يەركەنتتىن بۆلۈنۈپ چىققان بەش كەنتكىچە كېڭەيدى. بۇ چاغدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى باشقۇغۇچى شىياۋ ۋېي ( چىرىكچى ) غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە قارايدىغان قىلىندى.

خەن ئەندىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، غەربىي رايوندىكى

دۆلەتلەر غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل بېگى رېن گۇڭ ۋە دۇۋەنشىندا كۆپ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ ئەندى تۇتۇق ھىراۋۇل بەگنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرۈپ، بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەتتى. شىمالدىكى ھونلار قايتىدىن باش كۆتەردى. ھەربىي چېرىكچى ئامبال بەن يۇڭ كىروراندا 500 ئەسكەر ئەۋەتىپ بوز يەر ئېچىپ، غەربتە كىنگىت، كۈسەن، جەنۇبتا پىشامشان، ئودۇن (خوتەن) نى توساپ تۇرۇپ، شىمالدا ھونلارغا زەربە بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەر-گەن بولسىمۇ، خەن پادىشاھى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بايىنغولىن رايونىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر ئەسلىگە كەلتۈ-رۈلمىدى.

ۋې، جىن سۇلالىلىرى لوپنۇرنىڭ خېيتۇ دېگەن جايىدا غەربىي رايون چاڭشىسى (تۆرە ئامبال) تەسىس قىلىپ قو-جۇدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان ئىركەك ۋە ئوت-تۇرالىچى ئىركەك چېرىكچى تەسىس قىلىپ غەربىي رايوننى بىر تۇتاش باشقۇردى. بايىنغولىن رايونىدىكى چەرچەن، پىشام-شان، كىنگىتلەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالى-لارغا بېقىندىلىقىنى بىلدۈردى. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخنا-مىسى، غەربىي رايون تەزكىرىسى» ۋە «لو ياڭ ئىبادەتخانى-لىرى خاتىرىسى» دا چەرچەندە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى

يېزىلغان. كىروران قەدىمقى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ۋې، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قارشا پۈتۈكلەردە بوز يەر ئۆز-لەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە دائىر خاتىرىلەر بار:

«سۇ بېكىتكە 10 جاڭ يەر ئۆلچەپ بېرىلدى».

«يىڭ (ئەمەلدار نامى) غا دەريانىڭ شىمالىدىكى سۇغۇرۇشقا ئېپىلىك يەردىن بىر چىڭ (100 مو) يەر تەقسىم قىلىپ بېرىل-دى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاغدۇرۇلدى».

«جاڭجىيەنىڭ قول ئاستىدا 21 ئەسكەر بولۇپ، 2 چىڭ (200 مو) ئارپا تېرىدى. 20 مو يەرنى كېسىپ ئېلىپ 9 مو يەرنى تاختىلاپ، 70 مو يەرنى سۇغاردى، 27 مو بۇغداي تې-رىدى، 29 مو يەرنى كېسىپ ئېلىپ (9خېتىدا نۇقسان بار)، 185 مو يەرنى تاختىلاپ، 20 مو يەرنى سۇغاردى.50مو يەرنى ئوتىدى».

يەنە جىن دەۋرىگە ئائىت بىر قارشا پۈتۈكتە «كاتىپ يۇ-قىرىدىن ئەۋەتىلگەن بەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش بويىچە ئىمتىھان ئالدى.» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن جىن دەۋرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەس-كەرلەرنى يىغىپ ئىمتىھان ئېلىش شەكلىنى قوللىنىپ، يەر ئاغ-دۇرۇش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتەرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

1890 - يىلى سىۋېن ھېدىن كىروران خارابىسىدىن قې-زىۋالغان تارىخىي ھۆججەتلەردە جىنشىڭ، تەيشى، يۇڭجىيا-نىڭ يىل ناملىرى خاتىرىلەنگەن. جىنشىڭ، ساۋۋېينىڭ يىلنامىسى. تەيشى، جىن ۋۇدىنىڭ يىلنامىسى. يۇڭجىيا، جىن خۇەيدىنىڭ يىلنامىسى. بۇنىڭدىن مىلادى 265 - يىلىدىن 310 - يىلىغىچە بول-

غان 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە كىروران رايونىنىڭ ۋې، جىن - سۇلالىلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تارىخىي پۈتۈكلەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاشلىق توپلىغانلىق ھەققىدە «شەھەرگە قاراشلىق يەرلەرگە ئەتىدىن باشلاپ ئۇرۇق سېلىنىدۇ» دېگەنلەر يېزىلغان. ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جياڭ جۈن غەربىي رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ۋۇجى شياۋۋېي (تىركەك ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى) ۋە غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل بېگى تەسىس قىلىپ، ۋې، جىن سۇلالىلىرىنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە قوجۇ ۋە كىروراننى باشقۇرغان.

تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلەرنىڭ ئاشلىقى بىلەن راسخوت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلەر بىلەن دېھقانچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئەسكەرلەر «ئۇرۇش بولمىسا، دېھقانچىلىق قىلغان، ئۇرۇش بولۇپ قالسا دەرھال ئۇرۇشقا قاتناشقان». بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەر بار جايىنىڭ ھەممىسىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇھىم جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئېچىلمىغان يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرى 992 گە يەتكەن. جىنگۋەننىڭ 14 - يىلى (مىلادى 640 - يىلى) قوجۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن، تۇرغۇن يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە يۆتكەپ، يىپەك كەزلىمىلەرنى ھەربىي راسخوت قىلغان، ھەربىي تېرىقچىلىق يولى بىلەن ئوزۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. جىڭدىن تۆۋەن جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار

قويۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ھەر بىر قاراۋۇلخانا ۋە تورالاردا 20 ـ 30 غىچە ئەسكەر قويۇلۇپ، بوز يەر ئېچىپ ئۆزلىرىنى باققان. ئايماق، جەڭلاردىكى ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا، ھەر بىر مەيداننىڭ 50 چىڭ (بىر چىڭ 100 مو) دىن يېرى بولغان. بايىنغولىن رايونىدىكى كىـنىگىتتە 7 مەيدان بولۇپ، جەمئىي 35 مىڭ مو يېرى بولغان. كىنىگىتتە تەۋە كۆمۈش تاغ (بۈگۈنكى كۆمۈش) دىمۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. «يېڭى تاگنامە، ئۆزۈق ـ تۈلۈك، مال تەزكىرىسى» دە: «جىنـگۆەنىنىڭ 1 ـ يىلى، غەربىي رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قو-جۇدىن تارتىپ كۆسەن، كىنىگىت، باردىكۆلنىڭ شىمالىدىكى سىر-تاردوشلارنىڭ كونا جايلىرىغىچە بولغان 10 ئايماقتا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدى، دەسلەپتە ئاشلىق يېتىشمىگەچـكە، باشقا جايلاردىن ئاشلىق سېتىۋالدى.» پەقەت «ئېۋىرغول، بۈگۈر ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئېكىنزارلىقلارغا كۆز يەتمەيتتى» دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بۈگۈر شائىر لىگەنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۈگۈر بولۇپ، بۈگۈنكى مىچۈەن ناھىيىسى دائىرىسىدە، بايىنغولىن رايونىدىكى خەن دەۋرىدىكى بۈگۈر ئەمەس.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تاڭ سۇلالىسىغا قارىشلىق جەڭـلارنىڭ كۈچلىنىپ ئېچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان ساۋاقـقا ئاساسەن، ئېچكى جەھەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، تاشقى جەـھەتكە سەل قارىدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى چاگجىياڭ ئەتـراپىدىكى جايلارنى باشقۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، غەربىي

رايوننى باشقۇرۇشقا كۆچۈپ يەتمىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە
دۆلەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگىدەك ھەربىي تېرىقچىلىق ۋە پۇق-
رالار تېرىقچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش-
نىڭ مەركىزى غەربىي جەنۇبقا قارىتىلدى. بايىنغولىن رايونى-
تەۋەسىدىكى چەرچەن، كىنگىت ئىككى جايدىلا بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرۈلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسىدە ئىلگىرىكى ھەم
قاراۋۇللۇق قىلىش ھەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسىنى
ئۆزگەرتىپ، قاراۋۇللۇق قىلىش بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش-
نى ئايرىدى. ھەر قايسى قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىدا مۇنتىزىم
ئەسكەرلەر بىلەن بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەر تۇرغۇزۇلۇپ (سان
جەھەتتە ھەر قايسىسى يېرىمىنى ئىگىلىدى)، ئايرىم - ئايرىم
ھالدا باشقۇرۇلدى. ھەر بىر قاراۋۇللۇق ۋە بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرۈش ئورنىدا 1000 - 2000 چىكىشچە (بىر چىك 100 موغا
باراۋەر) يەر بار ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇيۈەن-
جاڭ سۇلالە تىكلىگەن دەسلەپكى يىللىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈش قانۇنى چىقىرىپ، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىنى
مەھكىمە قۇرۇپ باشقۇرىدىغان، ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرىشىنى قاراۋۇللۇق ئورنى باشقۇرىدىغان قىلدى. چېگرا
رايوندىكىلەرنىڭ 30% ى شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ، 70% ى تې-
رىقچىلىق قىلدى. ئىچكى جايلاردا 20% ى شەھەرنى مۇھاپىزەت
قىلسا، 80% ى تېرىقچىلىق قىلدى. ئۇلارغا كالا، دېھقانچىلىق قو-
رال - سايمانلىرى تەقسىم قىلىپ بەردى. مۇكاپاتلاش ۋە جا-
زالاشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى بېكىتتى. لېكىن مىڭ سۇلالى-
سىنىڭ ئەمەلىي كۈچى قومۇل، لۈكچۈن، تۇرپان بىلەنلا چەك-

لەنگەچكە، پەقەت قومۇلدىلا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، باينغولىن رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلمىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆرەشنىڭ بېسىمى ئاستىدا، چىڭ سۇلالىسى ئالۋاڭ - ياساقنى ئازايتىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى مۇكاپاتلاش سىيا- سىتىنى يولغا قويدى. پادىشاھ كاڭشىنىڭ جۇڭغارىيەدىكى غالدان سېرىنىنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلار - دىكى ئەسكەر قوماندانلىرىنىڭ جاۋچوڭگونىڭ «3 قېتىملىق تەك- لىپى» گە ئەھمىيەت بېرىش ۋە غەربىي رايوندا بوز يەر ئۆز- لەشتۈرۈش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (مىلادى 1758 - يىلى) جاڭجۈن يۇڭگۈي قارا شەھەردە ھەر- بىي تېرىقچىلىقنى يولغا قويدى. كېيىنكى يىلى، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جىياڭجۈن ئاگۈي، باۋنىڭ، سۇڭ جۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن بوز يەر ئۆز- لەشتۈرۈشنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، قارا شەھەر، كورلىنى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم جايى قىلدى. داۋگۇاڭنىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1837 - يىلى) سايىڭگا قارا شەھەرنىڭ غەربىدىكى قايدۇ دەرياسىنى قاشلاپ، تۇگۇك، ئەرگۈك ئۆستەڭلىرىنى يا- سىدى. داۋگۇاڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادى 1844 - يىلى) غەر- بىي رايونغا سۈرگۈن قىلىنغان لىن زېشۈي ۋە ئەمەلىي ئېلىپ تاشلانغان قارا شەھەر ئىش باشقۇرۇش ئامبىلى چۈەنچىڭ جە- نۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەرنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، سۇ مەنبە- سىنى ئېچىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ ياساشنى تەشەببۇس قىلدى، 700 مىڭ مو بوز يەر ئاچتى. لىن زېشۈي بىكار يۈرگەن خىزى-

زۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قارا شەھەردىكى ھەربىي تىر-
رىقچىلىق مەيدانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خـۇيزۇلارنىڭ بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنى قۇردى، ئارقىدىنلا ئىش بىشقۇر-
غۇچى ئامبال بولدى. لىن زېشۈينىڭ پىلانى بويىچە بېيداچۈي
ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا يېڭىدىن غول ئۆستەڭ ۋە ئىك-
كى تارماق ئۆستەڭ قېزىپ، سۇنى يېڭى ئاچقان يەرلەرگە باش-
لىدى. كورلىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا يېقىن ئەتراپتىكى يەرلەر-
نى ئېچىش ئۈچۈن، قايدۇ دەرياسى (كۆنچى دەرياسى) نىڭ سۇ
باشلىمىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، كونا ئۆستەڭگە پاراللېل ھالدا يې-
ڭى بىر چوڭ ئۆستەڭنى (بۈگۈنكى شاڭخو ئۆستىڭى) ۋە 4 تار-
ماق ئۆستەڭنى ۋە بىر سۇ چۈشۈرۈش ئۆستىڭىنى ياسىدى. شۇ
يىلى كۆنچى دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، قارا شەھەردىكى تۇ-
گۈڭ، ئەرگۈك ئۆستەڭلىرى ۋە لىن زېشۈينىڭ لايىھەسى بويى-
چە ياسالغان غول ئۆستەڭنىڭ سۇ باشلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ،
قاشاسىنى ئېقىتىپ كەتتى. ئىلى جاڭجۈنى سايىڭئا بېيدا چۈي
قاشاسىنى 2300 جاڭ ئۇزۇنلۇقتا ئېگىزلىتىش، 40 جاڭدىن كۆپ-
رەك ئۇزۇنلۇقتا تاشتىن سۇ باشلىمى ياساش، ئوتتۇرىدا چۈ-
شۈرگە توسمىسى ياساش، ئادەتتىكى چاغلاردا ئېتىۋېتىش، 30
لىدىن كۆپرەك كونا قاشانى بېيداچۈيگىچە ئېگىزلىتىش توغرىسىدا
پەرمان چۈشۈردى. زوزۇڭتاڭ قوقاندلىق ياقۇپ بەگنى يوقاتقان-
دىن كېيىن شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ
بەردى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەمرى ليۇجىنتاڭ ئىشلەپچىقىرىش-
نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بـوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمىنى كېڭەيتىش تەدبىرىنى قـوللىنىپ، ھەر

مىللەتتىن بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ئاجىزلىرىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارغا يەر كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارغا ئايلاندۇردى. ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاستىدىكى سۇرگۇنلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدىمۇ پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدىكىگە ئوخشاش كالا، ئۇرۇق، ئۆي، قورال - جابدۇق، ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بەردى، ھەمدە ئائىلىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى، قارا شەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئادەم كۆچۈرۈپ يېپەكچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. يېپەكچىلىك ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، يىپەك چىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. شۇ چاغلاردا تىكىلگەن ئۈجمە دەرەخلىرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان چاغلاردىمۇ كۆكلەپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، 1954 - يىلى ئەتىيازدا يۈز بەرگەن قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ قۇرۇپ كەتتى.

گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى (مىلادى 1891 - يىلى) چىڭخەي، گەنسۇ ۋە شەنشىدىكى خۇيزۇلار ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەمرى تاۋمۇ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خۇيزۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن تەۋەككۇل قىلىپ چاتاق چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 400 لىدىن يىراقلىقتا پۇچاڭ شەھىرىنى قۇردى، پۇچاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا 40 لى يىراقلىقتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسى قۇرۇپ، خۇيزۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى. گۇاڭشۈينىڭ 22 - يىلى (مىلادى 1896 - يىلى) قوزغىلاڭ كۆتەرگەن شىنىڭ خۇيزۇلىرىنىڭ سەردارى ليۇتۇڭچۈن خېشى كارىدورىدىكى نيۇچاۋدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى.

تاۋمۇ ساۋساۋنىڭ سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغان. «ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاستىدىكى پىرقىلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش» چارىسىنى ئىگىنىپ، ئەل بولغان 8 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى تارىم دەرياسى بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نوپۇس بويىچە يەر كېسىپ بېرىپ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. «گۇاڭشۇي چاۋدۇڭخۇا خاتىرىسى»دا يېزىلىشىچە. ئەل بولغانلارنى شىنجاڭدىكى لوپنۇر (بۈگۈنكى لوپنۇر ناھىيىسى)دىن تارتىپ چاقىلىقىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە (بۈگۈنكى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چوڭكۆل)گە 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نەتىجىدە بۇ خىل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. بۇ ھەقتە ياڭزېڭشىن: «چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى سەرگەردانلارنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كۆپلەپ ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. لوپنۇردىن چاقىلىقىچە بولغان جايلاردا نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، ئەل بولغان خۇخۇاڭلىق خەنزۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئىككى يىل بولا - بولماي، ھەممىسى قېچىپ كەتتى. بۇنىڭدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» دېگەنىدى.

بۇ قېتىمقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىق سەۋەبى ۋە بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەنزۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى شىيىمىڭنىڭ «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دا تەپسىلىي بايان قىلىنغان:

«پۇچاڭ شەھىرى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭشۇي-

نىڭ 18 - يىلى (مىلادى 1892 - يىلى) قۇرۇلغان. گۇاڭشۇي-
نىڭ 21 - يىلى (مىلادى 1895 - يىلى) شىنجاڭلىق خۇيزۇلار
ليۇ سىفۇنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتەردى. كۆپ قېتىملىق
قورشاپ يوقۇتۇش ئارقىسىدا ساق قالغانلىرى غەربكە قاراپ
قاچقان. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەمرى بۇ خۇيزۇلارنى پۇچاڭ
ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق قىل-
غان بولسىمۇ، قاتناش قولايسىزلىقىدىن ئالغان مەھسۇلاتلىرىنى
باشقا جايلارغا سېتىپ چىقىرالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ بېسىپ
كېتىپ ھوسۇل ئالالمىغانلىقتىن باشقا ياقلارغا كۆچۈپ كېتىش-
كەن. ئاخىرى ئۇلارنى قارا شەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇن-
لاشتۇرغان. شۇڭا بۇ جاينى خۇيزۇلار جاڭزىسى دەپ ئاتىغان.
خۇيزۇلارنى پۇچاڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن
پۇل خەجلەپ سالغان قۇرۇلۇشلار خارابىلىشىپ كەتكەن. بۈ-
گۈنكى كۈندە خارابە قالدۇقلىرىلا قالغان يۇجى ( ئاتامان )
مەھكىمىسىنىڭ 3 ئۆيىلا بۇزۇلماي ساق قالغان».

«پۇچاڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى» دېگەن گەپتىن قا-
رىغاندا، ئەينى يىللاردا چاقىلىقتىن لوپنۇرغىچە بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خۇيزۇلارنى پۇچاڭ شەھىرىنىڭ
يۇجىسى (ئاتامان) بىر تۇتاش باشقۇرغان. شىنىڭ 1917 -
يىلى (مىنگونىڭ 6 - يىلى) 8 - ئايدا پۇچاڭغا كەلگەن. يەنى
پۇچاڭ شەھىرى قۇرۇلۇپ 25 يىلدىن كېيىن پۇچاڭغا كەلگەن.
بۇ چاغدا پۇچاڭ شەھىرى خارابىلىشىپ كەتكەن. پۇچاڭنىڭ
غەربىدىكى 5 كىلو مېتىر يىراقلىقتىكى تىكەنلىك يېزىسىدا
140 ئۆيلىكتىن كۆپرەك خورجالار (دېھقانلار) بولۇپ، يېڭى

خورجا ۋە كونا خورجا دەپ ئايرىلغان. يېڭى خورجالارنىڭ ئادەم سانى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، كۆپۈنچىسى تۇرپاندىن كەلگەن. بۇ يېزىدا خەنزۇچە شۆتاڭ (مەكتەپ) ۋە بازار بولغان. بۇ چاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 25 كىلو مېتىر يىراقلىقتا پايانسىز كەتكەن قومۇشلۇق كۆللەر، كىچىك-كىچىك مەھەللىلەر بولۇپ، خۇيزۇ ۋە خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. بۇ چاڭدىن تاش چۆككەن ئارىلىقتا «تيەنجىن جاڭزىسى» نىڭ خارابىسى بولۇپ، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول ۋە ئېتىزلار مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. 1956 - يىلى 7 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 2 - دېۋىزىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇق قۇدۇقتىن تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى ۋە بىر قانچە «شيەنفېڭ پۇلى» دېگەن خەت بېسىلغان مىس داچەنلەرنى تاپقان. بەزى كىشىلەر بۇنى 1885 - يىلىدىكى (گۇاڭشۈينىڭ 11 - يىلى) كۆچمەنلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن يىللىرىدىكى يادىكارلىقلار دەپ ھېسابلىدى. ھازىر بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقىي ماتېرىيال بولمىغاچقا، پەقەت پەرەزلا قىلىنىۋاتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە تارىختىكى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتقان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ھەر بىر مەيدانىدا ئادەتتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن قوماندانداندىن بىرسى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان دۇسىدىن ئىككىسى تەسىس قىلىنغان. 400 نەپەر

بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەر 8000 مو ئەتىراپىدىكى يەرنى باشقۇرغان. بۇ يەرلەر «گۈك» (مەسىلەن: تۈگۈك، ئەرگۈك قاتارلىق) دەپ ئاتىلىدىغان ئاساسىي قاتلام ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ بېرىلگەن. ھەر بىر «گۈك»دا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان چىيەنزۇڭ (مىڭبېشى) ياكى بازۇڭ (كاتىباش)دىن بىرسى، ئەسكەرلەرنى باشقۇرغۇچىدىن ئىككىسى قويۇلۇپ، 1600 مو يەرنى ئۆز قارمىقىدىكى 80 نەپەر بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرگە بۆلۈپ بەرگەن. ھەر بىر ئەسكەرگە 20 مو يەر، بىر كالا ياكى ئات، بىر قىسىم دېھقانچىلىق سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىلگەن. بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى باشقۇرغۇچى ئورۇن تەكشۈرۈپ تارقاتقان. ھەر بىر ئەسكەرگە ھەر ئايدا تۇز، كۆكتات پۇلى، 36 جىڭ ئاشلىق، يېرىم جىڭ چاي تارقىتىپ بەرگەن. ھەر يىلى 2 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئالدىراش مەزگىلدە ھەر بىر ئەسكەرگە ھەر كۈنلۈككە يېرىم جىڭدىن ئاق ئۈن قوشۇپ بەرگەن. دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئاياغلاشقاندا ھەربىر رايون تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قائىدىسى»دىكى چارە بويىچە مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنى ئېلىپ بارغان. چارىدا: «پېشىل تۇغلۇق بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەردىن ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر يىلى ئالغان ئاق ئاشلىقى 18 نومۇرغا يەتكەنلەرگە، تىرىشچانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار بىر قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىگە ئېلىنىدۇ. قوشۇمچە باشقۇرغۇچى ئەمەلدار ئىككى قېتىم خاتىرىگە ئېلىنىدۇ، مەخسۇس باشقۇرغۇچى ئەمەل-

دارغا بىر دەرىجە قوشۇلىدۇ. ئەسكەرلەرگە بىر ئايلىقتىن تۆز، كۆكتات پۇلى تارقىتىلىدۇ. ئالغان ھوسۇلى 28 نومۇرغا يەتكەنلەردە، ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسەپى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئەسكەرلەرگە 2 ئايلىقتىن تۆز، كۆكتات پۇلى تارقىتىلىدۇ. ئالغان ھوسۇلى 15 نومۇرغا يەتكەنلەر مۇكاپاتلانمايدۇ ۋە جازالانمايدۇ. 15 نومۇرغا يەتمىسە، ئەمەلدارلىرى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، ئەسكەرلەر جازالىنىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭ دۇدۇسى (ئەمرى) ياڭزىڭشىن «مالىيە قىيىنچىلىقى»، ۋە «سەرگەردانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش» تەك ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان سۇ ئىنشائاتى كومىتېتىنى تەسىس قىلغان. ئۇ «ھەربىي تېرىقچىچىلىق»، «پۇقرالار تېرىقچىلىقى» ئۇسۇلىنى ۋە دېھقانلارنى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاشقا ئىلھاملاندۇرۇش چارىسىنى قوللانغان. 1916 - يىلىدىن 1921 - يىلغىچە بولغان 6 يىلدا، شىنجاڭ بويىچە 25 ناھىيىدە ئېرىق - ئۆستەڭ ياسىلىپ، بىر مىليون مودەك بوز يەر ئېچىلغان. بايىنغولىن رايونى تەۋەسىدىكى قارا شەھەر، لوپنۇر، چاقىلىق، چەرچەن ۋە بۈگۈر ناھىيىلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلگەن. بۈگۈر ئامبىلى جىڭخىڭ پۇقرالارنى تەشكىللەپ، 4 كىلو مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شىڭفىڭ غول ئۆستەڭنى ۋە 15-20 كىلو مېتىر ئۇپچۆرىسىدىكى 8 تارماق ئۆستەڭنى ياساتقۇزۇپ، 7285.8 مو بوز يەر ئاچقۇزۇپ، 294 ئۆيلۈك سەرگەرداننى ئورۇنلاشتۇرغان. چەرچەندىكى ئۆيمۇر پۇقرا مەتتىمىن چەرچەن بازىرىنىڭ غەربىدە 10 كىلو -

مېتىر يىراقلىقتىكى يېڭى ئۆستەڭدە 20 مىڭ مو ئۆپچۆرىسىدە مۇنبەت بوز يەر ئاچقان، ئۆزى مەبلەغ توپلاپ كەڭلىكى بىر چاڭ، چوڭقۇرلىقى 2—3 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 45 كىلو مېتىر كېلىدىغان غول ئۆستەڭنى ياساتقان، چەرچەن ئامبىلى لۇڭشېلىن دېھقانلارنى تەشكىللەپ، بۇ غول ئۆستەڭنى يەنە 45 كىلو مېتىر ئۇزارتقۇزۇپ، چەرچەن دەرياسىغا يانداش قىلىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 17 كىلو مېتىر كېلىدىغان 2 ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، 25 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، 400 ئۆيلۈك سەرگەرداننى ئورۇنلاشتۇرغان. لوپنۇر ئامبىلى خەن يۈشېۋ دېھقانلارنى ھاشارغا تارتىپ كورلا خامىنىڭ جىلغىسىدىن لوپنۇرنىڭ غەربىگىچە بارىدىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلو مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان ئۆستەڭ چاپقۇزغان، ھەمدە ئۆستەڭنىڭ 2 قېشىغا سۆگەت تىكتۈرۈپ ئۆستەڭ قاشاسىنى چىڭىتقان. چاقىلىق خەلقى 1918—1919 يىلغىچە ۋاشەرى ۋە مىرەندە ئېرىق-ئۆستەڭ ياساپ، بوز يەر ئېچىپ نۇرغۇن ھوسۇل ئالغان. قارا شەھەر ليۇشىخۇدىكى پۇقرالار بىيداچۇي ئۆستىڭىگە يانداش قىلىپ كۆنچى دەرياسىدىن يەنە بىر ئۆستەڭ ئالغان. بۇ ئۆستەڭ تۇرغۇت موڭغۇللىرىنىڭ ئوتلىقىدىن 5 كىلومېتىردەك كېسىپ ئۆتەتتى. ياڭزېڭشىن قارا شەھەر ئامبىلى ليۇشىنىغا يېڭى ئۆستەڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يەنە بىر تارماق ئۆستەڭ قېزىشنى، تارماق ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپى قارا شەھەر ليۇشىخۇلىقلارنىڭ يەر ئېچىشىغا بېرىلىشى، تارماق ئۆستەڭنىڭ شىمالىنى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ يەر ئېچىشىغا بېرىلىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلغان. بۇ موڭغۇل خەلقى-

نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى» نىڭ ئاپتورى زىڭ ۋېنتۇ ياڭزىڭشىننى «شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى تارىخىدا سۇڭجۇن، لىن زېشۇي بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدىغان ئادەمدۇر» دەپ ماختىغان.

## ئۈچىنچى. تارىختىن بۇيان بايىنغولىن رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى

(1) دۆلەت مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن، «يىپەك يولى» نى قوغدىغان. تارىختىن بۇيان غەربىي خەن، جىن، سۈي، تاڭ، چىڭ قاتارلىق سۇلالىلار بايىنغولىن رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئېلىپ بارغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چۈيلى (بۈگۈندىكى كورلا رايونى)، ئۇرۇمتاي (بۈگۈر)، جىن، سۈي سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاقىلىق، چەرچەن، تاڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قارا شەھەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا قارشى تۇرۇپ «يىپەك يولى» نى قوغداشتەك ستراتېگىيىلىك تەدبىر بولغان. چۈيلى، بۈگۈر (ئۇرۇمتاي) دا بوز يەر ئېچىلغاندىن كېيىن، «يىپەك يولى» دا قاتناۋاتقان خولارنىڭ سودىگەر، مېھمانلىرىنى ۋە بېرىپ - كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە «دۆلەتتىن راسخوت ئالماي ئۆزىنى ئۆزى قامداش» مەقسىتىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشىڭ، يوڭجىڭ، چيەنلۇڭ، داۋگۇاڭ قاتارلىق پادىشاھلىرى

غەربىي رايوننى زور كۈچ بىلەن باشقۇرۇپ، ئاخىرىدا شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى قوغداپ، ئەنگلىيە ۋە چارروسىيىنىڭ چېگرا رايونىمىزغا خىرىس قىلغان سۇيىقەستلىرىنى كۈچلۈك ھالدا تارمار قىلغان.

(2) بايىنغولىن رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. خەن سۇلالىسى غەربىي رايوندا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى، «چۆيلى قاتارلىق دۆلەتلەردە تۆمۈردىن ياسالغان سوقا ۋە باشقا دېھقانچىلىق قورال - سايمانلىرى ئىنتايىن كەم ئۇچرايتتى. كىرورەن، پىشامشان قاتارلىق دۆلەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئوزۇق - تۈلۈكتە قوشنا دۆلەتلەرگە تايىناتتى. ھەربىي تېرىقچىلىق يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر قەدەر ئىلغار بولغان تۆمۈر سوقا، قورال - سايمانلار، تېرىلغۇ كالىسى ۋە سۇغۇرۇش تېخنىكىسى بۇ جايلارغا يېتىپ كەلگەندە ئومۇملاشتۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولىغا جايلاشقان دۆلەتلەر پەيدىنپەي مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق جەمئىيىتىگە كىرگەن. لېكىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ يەنىلا ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايدىغان قالاق ھالدىكى كۆچمەنلىك ھالىتىدە تۇرىۋەرگەن. سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق رايونىدا، سۇ ئىنشائاتى — دېھقانچىلىقنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ چەرچەن دەرياسىنى توسۇش، چاقىلىق، قارا شەھەر، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپ -

تىكى سۇ ئىنشائاتلىرىنى يەككە، تارقاق ۋە ئۆزىنىلا تەمىنلەيدىغان دېھقانلار ياساپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى بۇ قۇرۇلۇشلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان.

(3) مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە ئىتتىپاقلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن. تارىختىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا خېلى كۆپ ساندىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر شۇ جايدا ئورۇنلىشىپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا موڭغۇل، خۇيزۇ، خەنزۇ، مانجۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر كەلگەن. شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ، خۇيزۇلار بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، بوز يەر ئېچىش، سودىگەرچىلىك ۋە مەدىكارچىلىق قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ نوپۇسىمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن. مىللەتلەر ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش، ئورتاق كۈرەش قىلىش داۋامىدا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئاھالىنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق ۋەزىرى لىن زېشۈي شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭلا ئوزۇق - تۈلۈكىنى ھەل قىلىشتەك تار مەھكىمىچىلىك قارىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەر خەلقىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلان-

دۇرۇشىغا پائال تۈردە ياردەم بەرگەن ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك
قىلغان. ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىنى
ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى قىلىپ ئۆزگەر-
تىپ، بىكار يۈرگەن ۋە يەرسىز ئۇيغۇر دېھقانلارنى ئىشقا ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ، چېگرا رايوننىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.
ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ھەقىقەتەن ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

(4) تارىختىن بۇيانقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئىشلەپچە-
قىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ئۇ-
چۇن، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. خەن
سۇلالىسىدىن تارتىپ، سۇي، تاڭ سۇلالىرىغىچە بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرۈشتە ئەسكىرى ئىشلار بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىر
گەۋدە قىلىنغان. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى قاراۋۇللۇق
قىلغۇچى ئەسكەرلەر بىلەن بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنى
ئايرىپ، ھەر قايسىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىگە قىلغان، ھەم-
دە پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىگە كالا، دېھقانچىلىق
سايمانلىرى ۋە ئۇرۇق بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى بالا - چاقى-
لىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىشقا رۇخسەت قىلغان، مۇكاپاتلاش -جا-
زالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرگەن. بۇلار بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن
تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پىيادە
ئەسكەرلەر 6 - دىۋىزىيىسى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 2-
دىۋىزىيە) بايىنغولىن رايونىغا كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ،
چېگرا ساقلاشتىن مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا ئايلىنىش

داۋامىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ -
نىڭ «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە چېگرانى ساقلاش» تىن ئىبا-
رەت ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ها-
كىمىيەت قۇرۇلۇشى، بانديتلارنى تازىلاش ۋە جەمئىيەت ئامان-
لىقىنى قوغداشقا پائال قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باينى -
غولىن ئوبلاستىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەتلەر، ئارمىيە ۋە خەلق-
نىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئارمىيىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ
ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك
شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، تارىختىكى بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى تەنقىدى ھالدا قوبۇل قىلىپ، يې-
زا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، ھەر -
بىي ئىشلار، مائارىپ ۋە سودا ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى. 39 يىلدىن بۇيان، قا-
را شەھەر، كورلا، تارىم، چاقىلىق ۋە چەرچەندە 5 چوڭ بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى قۇردى. ئازاد 1 - ئۆستەڭ، 18-
تۈەن ئۆستەڭ، چەرچەن غول ئۆستىڭى، چارا، داشخەيزى سۇ
ئامبارلىرىنى ۋە نۇرغۇنلىغان سۇغۇرۇش ۋە زەي چىقىرىۋېتىش
ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنى ياسىدى، ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەي-
دانىدىن 16 نى قۇرۇپ چىقتى. شېكەرچىلىك، قەغەزچىلىك، تو-
قۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، كۆمۈر قېزىش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇ-
لاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرى-
دىن 66 نى قۇردى. دېھقانچىلىقتا پىلانلانغان يەر كۆلىمى 5 مىل-
يون 200 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ كۆلىمى 900
مىڭ مو بولۇپ، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 120 مىڭ توننىغا،

ساپ پاختا مەھسۇلاتى 100 مىڭ دەندىن كۆپرەككە يەتتى، 65 مىڭ مودىن كۆپرەك ئورمان ۋە مېۋىلىك باغ بىنا قىلىندى. تارىم دەرياسى ساھىلىدىكى چۆللۈكتە يېشىل سەددىچىن سېپىلى قۇرۇلدى. چارۋىسى 200 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن - يىلغا يۈكسەلمەكتە. يېزا ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيە چىگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە قۇدرەتلىك تۈۋرۈككە ئايلاندى. بۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىن ئالغاندا، تارىختىكى ھەر قانداق بىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

ئۆمەر يۈسۈپ تەرجىمىسى

# چاقىلىقتا مائارىپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

سۇلايمان ئابدۇرېھىم

## 1. دىنىي مائارىپ

چاقىلىقتا 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگىچە مەك-
تەپ يوق ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن تە-
رەپتىن تۆمۈرخان غوجا ئىسىملىك بىر ئۆلىما كېلىپ مەكتەپ
ئېچىپ، 150 دەك ئوقۇغۇچىنى يىغىپ ئوقۇتقان. ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ بىر قىسمى «غوجا ھاپىز» دېگەن كىتابنى باشلىغاندا
شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېھقان قوزغىلاڭلىرى باشلىنىپ كې-
تىپ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن قاچاقلارنىڭ مالىمانچىلىقىدىن بۇ
كىچىككىنە جاي پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغان. كىشىلەر تە-
رەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئازلاپ كەت-
كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈرخان غوجا كەتمەكچى بولۇپ تەي-
يارلانغاندا خوتەن تەرەپتىن قادىر ئاخۇنۇم دېگەن بىر ئۆلىما
كېلىپ، تۆمۈرخان غوجا ئوقۇغۇچىلىرىنى قادىر ئاخۇنۇمغا ئۆت-
كۈزۈپ بەرگەن. بۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشھۇرلىرى
تۆمۈر ئەلەم ئاخۇنۇم، قۇربانشاھ خەلىپە، مەھەممەتشاھ ھاجى
ۋە باشقىلار. بۇ چاغدا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە جەم-

ئىميەت داۋالغۇپ تۇرغاچقا، ئوقۇشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك راۋاجلانمىغان. ئوقۇغۇچىلارمۇ گايىدا ئازىيىپ، گايىدا كۆپىيىپ تۇرغان.

19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى دېھقان قوزغىلاڭلىرى تىنچىپ، جەمئىيەت تىنچلانغان. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ، 3 - 4 يۈزگە يەتكەن، قۇمۇل ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھازىرقى تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە بىر مەدرىس سېلىنغان. بۇ مەدرىس « ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسى » دەپ ئاتالغان. مەدرىسكە 8 - 10 مو يەر ۋەخپە قىلىنىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ئۆشرە - زاكاتتىن يېتىم - يېسىر تالىپلارنىڭ تۇرمۇشى خەۋەر ئېلىنغان. قادىر ئاخۇنۇم خېلى ئېتىقادارلىق، قاتتىق قول، يېتىشكەن ئۆلىما بولغاچقا ئوقۇشمۇ ئوبدان راۋاجلانغان. خېلى كۆپ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرمۇ يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى: تۇرسۇن ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇكېرەم ئەلەم ئاخۇنۇم، شائىر، ئىسلام تارىخچىسى، خەتتات قۇتلۇغمەت موللا، نۇرى موللا، قادىر موللا، ئەخمەت باۋچاق، توخسۇن بەگنىڭ سادىق موللا، ياسىن ئاخۇن، دورەمبەگ ۋە باشقىلار.

1897 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاقىلىقنى رەسمىي ناھىيە قىلىپ قۇرۇشنى تەستىقلىغان. 1903 - يىلى ھازىرقى تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا يامۇل سېلىنىپ ( كىشىلەر ئۇنى « كونا يامۇل » دەيدۇ ) ھۆكۈمەت رەسمىي ئىش باشلاش بىلەن تەڭ بىر خەنزۇچە سىنىپ « شۆتاڭ » ئېچىلغان. بۇ سىنىپقا ھەر يىلى 15 دىن 20 گىچە ئوقۇغۇچى

مەجبۇرى ئېلىنغان بولۇپ، تىلمىچى ( تەرجىمان ) تەربىيىلەش ئۈچۈن مەخسۇس خەنزۇچە خەت ئۆگىتىلەتتى. تو لەيپو ( ئەسلى خەنزۇ، ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيدۇ، ئۇيغۇرچە ئىسمى تۇردى بەگ ) دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. بۇ سىنىپقا بايلارنىڭ بالىلىرىنى ئېلىش شەرت قىلىنغان بولسىمۇ، بايلار بالىلىرىنى بەرمىگەنلىكتىن پارا يېگەن بەگلەر كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنىمۇ تۇتۇپ بەرگەن، لېكىن بۇ بالىلار ئالۋاڭ - سېلىقنىڭ كۆپلىكىدىن ئوبدانراق بىر نەرسە ئۆگىنەلمىگەن. بۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى سادىق موللا ( كېيىن يىجاڭ بولغان )، سەيىت شاڭيۇ، ئالويى (ئاۋۇت بەگ زايىت ئوغلى) قاتارلىقلار. ھازىر كېيىنرەك ئوقۇغان ھايات بارلىرىدىن ساجىت موللا، بارات ئاخۇن، قاسىم داۋراڭلار بار. ئىمىن جويەن شۆتاڭدا دىنىي دەرس ئۆتكەن.

چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا - تىجارەت راۋاج تاپقان. نوپۇسمۇ كۆپەيگەن. مەخسۇس بازار سېلىنىپ، چوڭ جامە، كارۋان ساراي، قازىخانا قۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرگە بولغان ئېھتىياج كۆپەيگەن. بۇ ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، قەشقەرلىق ئىمىن ھاجىم (شەيتان) ھازىرقى پوچتىخانا بىلەن سودا شىركەت ئارىلىقىدىكى جايلارغا بىر مەدرىس سالدۇرۇپ، قەشقەردىن قادىر ئىشانىم دېگەن بىر كىشىنى ئېلىپ كېلىپ مۇدەررىس قىلغان. بۇ، مەدرىسكە ئاساسەن چوڭ تالىپلار قوبۇل قىلىنىپ، ئىسلام شەرىئەتى بايان قىلىنغان چوڭ - چوڭ كىتابلار ئوقۇلغان. بۇلاردىن مەشھۇرلىرى ئابلىز قازى، يۈسۈپ ئەلەم، مەھەممەتقۇربان ئە-

لەم ۋە باشقىلار. ئۇششاق باللار داۋاملىق « ئەلەم ئاخۇنۇم مەدرىسىسى » دە ئوقۇغان. بۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قادىر ئاخۇنۇم 90 ياشتا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوقۇش بىر مەز - گىل ئۈزۈلۈپ قالغان. كېيىن ئېزىز ھاجىنىڭ مەھەللىسى ( ھازىرقى قورغان مەھەللىسى ) دە مەھەممەت نىياز ئاخۇن دېگەن كىشى 3 يىلدەك بالا ئوقۇتۇپ، ئەرەبىستانغا ھەجگە كەتكەن. ئورنىغا ئۆز شاگىرتى جالالىدىن قارىم قالغان. ئۇمۇ 4 يىلدىن كېيىن ئەرەبىستانغا ھەجگە كېتىپ، ئورنىغا ئۆز ئى- نىسى سەيدە ئەخمەت غوجا دېگەن كىشى « ئەلەم ئاخۇنۇم مەدرىسىسى » دە بالا ئوقۇتقان. لېكىن داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغان ئىچكى مالىمانچىلىق، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئالۋاڭ - سېلىق ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن ، ئوقۇش ئانچە راۋاج تاپالمىغان.

## 2 . يېڭى پەننى مائارىپ

1 ) يېڭى مائارىپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى .

چاقىلىقتا پەننى مائارىپ 1935 - يىلى باشلاندى. بۇ ۋاقىت شىنجاڭدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2 - يىلى ئى- دى. تۇرپانلىق گاجىت ئاخۇن ھاكىم ئىدى. ئەڭ ئاۋۋال دى- نىي مەكتەپتىن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تاللاپ پەننى مەكتەپكە مەجبۇرى قوبۇل قىلدى. يېڭىسۇلۇق توختى موللا بى- لەن مۇسا قارى ئوقۇتقۇچى بولۇپ بىرەر ئايدەك « ئاقايىت

زورورىيە » دېگەن دىنىي كىتابتىن دەرس ئۆتتى. شۇنداقلا
روسچە گىمناستىكا قىلىش، مېڭىش - تىزىرۇش قاتارلىق تەر-
بىيە پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 1936 - يىلى چاقىلىقتا « ئۇي-
غۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » قۇرۇلدى. تۇرپانلىق
خالىق ئەپەندى ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلارغا ئۇي-
غۇرچە ئېلىپبە، ھېسابتىن نومۇرلارنى يېزىشنى ئۆگەتتى. تولەي-
پو، ئالىم بەگ دېگەن كىشىلەر خەنزۇچە دەرس ئۆتتى. كېيىن
ھەربىردىن ئەمەت ئىسىملىك بىر كىشى كېلىپ خەنزۇچە دەرس
ئۆتتى ھەم ئوقۇغۇچىلاردىن مەشكە دەسسەتتى. بۇ چاغدا مەك-
تەپ يوق ئىدى. ھاشىم بەگنىڭ جايىدا ئوقۇدى. « ئۇيغۇر
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » ئوقۇتقۇچىلارنى مائاش بى-
لەن تەمىنلىدى.

1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان زۇنۇن ئاخۇن
دېگەن كىشى ھاكىم بولۇپ كەلدى ھەمدە يازلىق تەتىلدە 7
نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ئۆز ئىشخانىسىدا ھېسابتىن 4 ئەمەلنى
ئۆگەتتى. 1937 - يىلى يازدا زۇنۇن شەنجاڭنىڭ بىۋاسىتە قول
سېلىشى بىلەن ناھىيىمىزدە تۇنجى قېتىم ئاستى - ئۈستى
تاختاي پوللۇق 8 سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. بۇ مەك-
تەپتە شۇ يىلى 190 نەپەر ئوغۇل، 160 نەپەر قىز جەمئىي 350
نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. 1937 - يىلى تاشكەنتتە ئوتتۇرا
ئاسىيا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئەبەيدۇللا روبەيدۇللا ئوقۇت-
قۇچى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى مەكتەپكە يېڭى تۈس كىر-
گۈزدى. ئەبەيدۇللا روبەيدۇللا ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت
قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. ياسىن ئەپەندى، پەخرىدىن، خا-

لىق ئەپەندىلەر ئۇيغۇر تىلى، تەنتەربىيە، شېئىر، رەسىم قا-
تارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەبەيدۇل-
لا روبەيدۇللا، ياسىن ئەپەندى، پەخىرىدىنلەرنى شېڭ شىسەي
تۇتۇپ كەتتىمۇ قانداق؟ مائارىپ بىر قېتىم زەربىگە ئۇچرى-
دى. شۇ چاغدا مەكتەپتە 390 نەپەر ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچى
ئوقۇيتتى. مۇشۇ يىللاردا «ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى» ۋاششەرىدە 3 سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئۇتامدا 3
سىنىپلىق بىر مەكتەپ، يېكەسۇدا 3 سىنىپلىق بىر مەكتەپ،
مىرەندە 2 سىنىپلىق بىر مەكتەپ ئاچتى. بازار ئىچىدىكى مەك-
تەپنى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى، يېزىلاردىكى مەكتەپنى ئۇي-
غۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇردى. كېيىنرەك مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى ياقا ئۆستەڭ بىلەن توغراقلىقتا بىردىن مەكتەپ
ئاچتى. شۇنداق قىلىپ ناھىيە بويىچە 22 سىنىپ، 24 ئوقۇت-
قۇچى، 1000غا يېقىن ئوقۇغۇچى بولدى.

1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنى
پۈتتۈرۈپ مەمتىمىن ياقۇپ كەلدى ھەم ناھىيىلىك 1 - مەك-
تەپكە مۇدىر بولدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا جالال مەھەممە-
دى، تۇردى توختى، ئۆمەرجان ئىسمايىللار قوشۇلدى. ئوقۇ-
تۇش قوراللىرى ئاساسەن تاشكەنتتە بېسىلغان باشلانغۇچ مەك-
تەپلەرنىڭ قاتتىق مۇقاۋىلىق دەرسلىكلىرى ئىدى. ئوقۇتقۇ-
چىلار پۇختا تەييارلىق بىلەن دەرسكە كىرەتتى. دەرستىن
سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بولاتتى. 1941 -
يىلى مەمتىمىن ياقۇپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەلدى. ئورنى-
غا بۇگۇراۋك سەيدۇل توختى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. ئۆلكى-

لىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ئابدۇراخمان قۇربانوب، ھەسەن مەھەممەدىلار كەلدى. ناھىيەمىزدە تۇنجى رۇشتىنى سىنىپ (گاۋجى بەن) ئېچىلدى. 1941 - يىلدىن باشلاپ ناھىيەمىزدىن تۇنجى قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قارا شەھەر ۋىلايەتلىك ئاددى سىفەن قارمىقىدىكى مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئۇدا 3 نۆۋەت ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياج دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى. پەننى ماڭارىپ ناھىيەمىزگە يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، يىلتىز تارتىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلىپ، تۇنجى ئەۋلات يېڭىچە كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى. 1938 - يىلى زۇنۇن شەنجاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن تاشكەنتتە ئوقۇغان بىر سەنئەتكار كېلىپ تۇنجى قېتىم سەھنىدە كانسېرت كۆرسەتتى ۋە چاقىلىق خەلقىنى ئۆزلىرىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. شۇ ۋاقىتتا سەھنىدە ئوقۇلغان:

قاشىڭىزنى قارا دىدىلەر،
قارا كۆز ئۇكام يار - يار.
ئاچچىل قېشىڭنى مەن بىر كۆرەي،
نادان ئۇكام يار - يار.

دېگەن ناخشىنى كىشىلەر ھازىرغىچە ئېيتىپ يۈرمەكتە. يوقىرىدىكىدەك خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى خۇسۇسەن زۇنۇن شەنجاڭنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى، ئاممىۋى سورۇنلاردا يېڭى مەكتەپ، يېڭى ئىلىم - پەننىڭ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن تۆمۈر سوقا، ئورما ئوروش ماشىنىسى

(سالماسپۇرۇشكا)، بۇغداي تاسقايدىغان چوڭ شامالپىنى ئىشلىتىپ، ئەمەلىي كۆرسۈتۈش قاتارلىقلار كىشىلەردە يېڭى ئاڭ پەيدا قىلىپ، يېڭى پەننى مائارىپنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىش روھىنى تۇرغۇزدى.

2. دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر (ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى): 1) ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق ئېلىپ بېرىلاتتى. تاڭ ئاقىرىش بىلەن مەكتەپكە كېلىپ قىلىنىدىغان مۇزاكىرىدىن باشقا، مەكتەپ ئىچىدە، گاھىدا ناھىيە بويىچە شېئىر مۇسابىقىسى، ناخشا - ئۇسسۇل مۇسابىقىسى، گىمناستىكا مۇسابىقىسى، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. شېئىر ئوقۇپ مەشىقە دەسسەش ئالاھىدە ھەيۋەتلىك بولاتتى. مەيدانغا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىشلىرى تەكشى ۋە رەتلىك ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناخشىلىرى ئىنتايىن جاراڭلىق، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

ئۆزىمىز سوللاردا، ئۈچىمىز كۆكلەردە،
بىز ۋەتىنىنىڭ چىن ئوغلى بىز.
بىرلىك بايرىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولىمىز.

دېگەن ئىنقىلابىي شېئىرلارنى ئوقۇپ، مەشىقە دەسسەش بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بۇنداق ناخشىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ روھىنى ئۇرغۇتاتتى.

2) تەبىئەت ئوقۇتقۇچىلىرى ھەر ئايدا بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇغۇچىلارنى دەريا بويلىرى، تاغ جىنىسلىرى بار جايلار، سازلىقلار، ئېتىز - ئېرىق، ئورمانلىقلارغا ئاپىرىپ يەر

قاتلاملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش خۇسۇسىيەتلىرى، تاغ جىنىسلىرىنىڭ تەركىبلىرى (قۇمتاش، ھاكتاش، گرانىت تاشنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىكى دالاشپاتى، كۋارتس ھەم سلودا قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى) قاتارلىقلارنى كۆزىتىشكە ئۆگىتەتتى. گاھى چاغلاردا سىياسەت دەرسى ۋاقتىدا دەريا بويىدىكى دۆڭلۈكلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئىككىگە ئايرىپ پاكاراق، كىچىكرەكلىرىنى ياپونىيە ئەسكىرى، چوڭراق، ئېگىزرەكلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەسكىرى قىلىپ، ئۆز ئارا ئۇرۇش شەكلىنى ئالغان مانېۋىر ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدا ئۇرۇش چوقۇم ياپونىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى، جۇڭگونىڭ غەلبىسى بىلەن ئاياغلىشاتتى. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپنىڭ سولھ يىغىنى چاقىرىلىپ، شەرتنامە تۈزۈلەتتى. ئەسىرلەر ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى ئامېرىكىدەك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكى ياراشتۇرۇپ قويغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاياغلىشاتتى. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولۇشى، جۇڭگونىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىشىغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇلۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇش روھى تۇرغۇزۇلاتتى.

3) «تۇگۈزىجىۋن» (بالىلار ئارمىيىسى) تەشكىلاتى: مەكتەپلەردە «تۇگۈزىجىۋن» تەشكىلاتى قۇرۇلغان بولۇپ جەمئىيەتتە ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ئابرويلۇق تايانچ كۈچ ئىدى. ئۇلار بىر قۇر كۆركەم كىيىنىپ، مۇرىسىگە خۇددى ھەربىيلەرنىڭ مىلتىقىدەك ئالا كالتەك قويۇپ، بىر خىل قەدەم تاشلاپ، ئىنى-

ئىنتىزام بىلەن ماڭسا ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىدى. كۆپ ھـاللاردا
ئاممىۋى يىغىنلارنىڭ تەرتىپىنى شۇلار ساقلايتتى. بولۇپمۇ «12 ـ
ئاپرېل» ۋە«18ـسېنتەبىر»بايراملىرىدا مەيدان تەرتىپىنى ئالاھىدە
قوغدايتتى. ھېچقانداق تەرتىپسىزلىككە يول قويمايتتى. ئوق-ئوت-
قۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇلارغا قەت-
ئىي بويسۇناتتى. پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان مەيدان بىلەن تا-
ماشىبىنلار ئارىلىقىدا 2 مېتىر بوشلۇق بولاتتى. ئۇلار مـۇشۇ
بوشلۇقتا تۇرۇپ تەرتىپ ساقلايتتى. بىرەرمۇ ئادەمنىڭ ئىختىيا-
رىچە مېڭىپ يۈرۈشىگە ۋە پائالىيەت مەيدانىغا كىرىپ قـالايمىـ
قان قىلىشىغا يول قويمايتتى. ھەممە كىشى ئۇلارغا ھۆرمەت بىلـ
دۈرەتتى. ئۇلارمۇ ئاممىغا كۆيۈنەتتى. خۇسۇسەن ئاجىز، مېيىپ
كىشىلەرگە ياردەم بېرەتتى.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى شۇ دەۋرگە لايىق تۈرنىڭ ئوي-
نـاش، گىمناستىكـا، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، يىراققا ۋە ئۇزۇنغا
سەكرەش، بەلباغ تاشلاش، قارغۇ چاشقان قاتارلىق ئويۇنلار ئې-
لىپ بېرىلاتتى. «18ـسېنتەبىر» بايراملىرىدا مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە
ھەۋەسكارلىرى تاللىنىپ، ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان تـەنتەربىيە
مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇرۇلاتتى.

4) ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىـش
ئۈچۈن مەكتەپ خاتىرىسىگە ئاساسەن سىنىپلار ئارا ئايدا بىر
نۆۋەت سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىلاتتى. سىنىپـلارنىـڭ
ئىشىك بېشىدا ھەر بىر سىنىپنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئايروپىلان،
ماشىنا، ئات ياكى پاقىدىن ئىبارەت رەسىم جازىسى ئېسىلاتتى.
بۇ باھالاش، ئۆگىنىش، تەرتىپ ـ ئىنتىزام، تازىلىق قاتـارلىق

ئۈچ نۆۋەتتا ئوقۇتۇشتا ئىلىپ بېرىلاتتى. باھالاشتا مەكتەپ مۇدىرى باشلىق بارلىق ئوقۇتقۇچىلار، سىنىپ ھەيئەتلىرى ھەتتا قارا خىزمەتچىلەرمۇ قاتنىشىپ ئەركىن پىكىر قىلاتتى. ئەڭ ياخشى سىنىپقا ئايروپىلان، بىر قەدەر ياخشىسىغا ماشىنا، ئوتتۇراھال سىنىپقا ئات، ئەڭ ناچار سىنىپقا پاقىنىڭ رەسىمى تەقدىم قىلىناتتى. رەسىم تارقىتىش يىغىنى مەكتەپ بويىچە چوڭ مەيداندا ئېلىپ بېرىلاتتى، بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار قاتنىشاتتى. رەسىمنى مەكتەپ مۇدىرى ئۆز قولى بىلەن تارقىتاتتى. ھەر بىر سىنىپقا نۆۋەت كەلگەندە سىنىپ مۇدىرى بىلەن سىنىپ باشلىقى چىقىپ تاپشۇرۇپ ئالاتتى. باھالاشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باھالاش يىغىنى ئاياغلىشاي دېگەندە نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچى چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەيدانغا تىزاتتى. بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەن زور ئىدى.

1941 - يىلى زۇنۇن شەنجاڭ كىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ جىنجا ھاكىم بولۇپ كەلدى. ئۇ، «ئادەم ئۆلىدۇ، كىتىدۇ. قىلغان ئىشى خاتىرە بولۇپ قالىدۇ» دەپ ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا بىر قىزلار مەكتەپ سالدۇرۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىپ ئوقۇتۇشقا بۇيرىدى. 1942 - يىلدىن باشلاپ مائارىپ تۇرغۇنلۇققا چۈشۈپ قالدى. يېڭى مەكتەپ سېلىش يەنىمۇ مائارىپ تەرەققى قىلمىدى.

## 3 - چاقىلىق مائارىپىنىڭ ۋەيران بولۇشى

1944 - يىلى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ،

ھەقىقىي ئالۋاستى قىياپىتى بىلەن قايتىدىن گومىنداڭنىڭ قوي-
نىغا ئۆزىنى ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارت-
لاپ، ئەمەلدا شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن باشلىغان
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار زور تۈركۈم-
دە ئەسكەر يۆتكەپ خەلقنى باستۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق قىلىش
سىياسىتى يۈرگۈزدى. ناھىيىمىز چاقىلىقمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قال-
مىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىرى گومىنداڭنىڭ ئىچ-
كىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ قاتنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان قۇمۇل-
نىڭ توسۇلۇپ قېلىش خەۋپىنى تۇغدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار دىققەت نەزىرىنى ئىچكىرىگە قاتنايدىغان ئىككىنچى يول
بولغان چاقىلىق - دۈڭخۇاڭ يولىغا مەركەزلەشتۈردى. چاقىلىق-
تا قاتتىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىم سىياسىتى يۈرگۈزدى.
چاقىلىققا كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەلگەنلىكتىن ھەر 4 نوپۇسقا بىر
ئەسكەر توغرا كەلدى. خەلق ئەسكەرلەرنى بېقىشى كېرەك ئىدى.
نەتىجىدە ئالۋاڭ - سېلىق ھەسسىلەپ ئاشتى. پۈتۈن خەلق
ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئوتۇن، سامان، يەم بوغۇز، ئاشلىق، قوي،
كالا، توخۇ، تۇخۇم توشۇدى. بۇندىن باشقا تاشيول قۇرۇلۇ-
شى (چاقىلىق - دۈڭخۇاڭ، چاقىلىق - كورلا، چاقىلىق - چەر-
چەن تاشيولى)، سېپىل سوقۇش، تاشيول ئىمارىتى قۇرۇلۇشى،
چوڭ ئاشلىق ئامبىرى سېلىش قاتارلىق تۈگىمەس ھاشارلار
ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ، ئەرلەر ھاشاردا ئىشلىدى. ئاياللار
ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئون تاشىدى. ئەزەلدىن كەمبەغەل بولغان
چاقىلىق خەلقى كۈن كۆچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشپىيونلار ھەممىلا يەرگە يامراپ كەتتى. سەللا

ئازارلىق بىلدۈرگەن كىشى ئۆزىنى تۈرمىدە كۆرەتتى. قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان خەلق بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدى.

خۇسۇسەن ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىلغارراق ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتتىق نازارەت ئاستىدا قالدى. مۇنداق شارائىتتا مەكتەپلەردە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش تەس بولۇپ قالدى، پۇل پاخاللىشىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشىغا ھېچنەرسە كەلمەيدى. چەت ناھىيىلەر-دىن كېلىپ، مەكتەپ ئىشخانىسىدا يېتىپ- قوپۇپ خىزمەت قى-لىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئامالسىزلىقتىن كىتىشكە باشلىدى. قالغان-لىرى خاپىچىلىقتىن چۈشكۈنلىشىپ ھاراق ئىچىپ، قىمار ئوي-ناپ يۈردى. مائارىپ توغرىسىدا گەپ قىلغان ھەر قانداق ئادەم كاپىر، جەدىت، قىزىل پاچاق، «ئەلى ئوغرىلىرى»نىڭ قويرۇقى دەپ ھاقارەتلەپ قاتتىق جازالاندى. ئىشپىيونلار ھەم-مىلا يەردە لالما ئىتلاردەك پۇراپ يۈردى. ئىشپىيون، ساقچىلار-نىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇش، ھاقارەتلەش ۋەقەلىرى يۈز بې-رىپ تۇردى. مەسىلەن: 1945 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىمىن نىياز، جالال مەھەم-مەدى، ئىمىن مەھەممەتلەرنى تۇختى مۇسا باشچىلىقىدىكى ساقچى ئەسكەرلەر ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان. ساقچىلار ئاتقان بىر پاي ئوق ئىمىن مەھەممەتنىڭ پاختىلىق چاپىنىنىڭ مۈرە-سىنى تېشىپ ئۆتكەن. ئىمىن نىياز توختى تۇختى مۇسانىڭ قولىدىكى مىلتىقنى دەسسەپ سۇندۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار كوچىغا يالغۇز چىقالمايدىغان بولۇپ قالغان. 1945-يىلى يازلىق تەتىلدە ناھىيىلىك 1 - مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى

يوشۇرغان قورال - ياراق، تەشۋىقات ۋەرەقىسى بار دېگەن
بۆھتان بىلەن مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچىدىكى تاختاي
پولنى قومۇرۇپ، ئورنىغا دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتۇپ تۇپا توش-
قۇزغان. 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى نـاھىيىنىڭ
مۇئاۋىن ھاكىمى مامۇتخان باشلىق ئىشچى - خىزمەتچى، ئو-
قۇتقۇچى، سودىگەرلەردىن بولۇپ 37 ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ
سودىگەر مەھەممەت ئىلىنى (مىللىي ئارمىيە رازۋېتچىكى)
تىرىك كۆمگەن. باشقىلارنى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھ-
شىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيىنىغان. ھەممىسىگە مەلۇمكى بۇچاغدا
ئاللىقاچان 11 بىتىم ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇلۇپ، جايلاردا سايلامغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان مەزگىل
ئىدى. شۇ يىلى يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 11 بىتىمدىن كېيىنكى نا-
ھىيىلەردە ئۆتكۈزۈلۈدىغان سايلام بولۇپ، مەتتىمەن ياقۇپ ھا-
كىم بولدى. مەتتىمەن ياقۇپ ئۆلكىلىك دارىـلمۇئەللىمىنى
پۈتتۈرۈپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوچتۇرپان-
لىق قۇتلۇق قاسىمنى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈم باشلىقى قى-
لىپ تەيىنلەپ، مائارىپ خىزمىتىنى تۇتۇپ باققان بولسىمۇ.
تۇرلۇك توسقۇنلۇقلار تۈپەيلىدىن ئىش تازا ئاقماي قالدى.
يۇقىرىقىلارنى ئاز دېگەندەك ئەزەلدىن كىشىلەرنى نادانلىقتا تۇ-
تۇپ كەلگەن دىنى ئىلاھىيەتچىلىك ھەممە يەرگە خۇددى ۋا-
با كېسىلىدەك يامراپ كەتتى. دىن دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى
(موللىلار) مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق، تەرتىپ مۇدىرلىق-
نىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، مەكتەپنىڭ مە-
نىۋى ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن كارى بولماي ھەپتىلەپ،

ئايلاپ چوڭراق ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ مازار ـ ماشايىخلاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، مەسچىت ـ مەدرىسلەردە مەۋلۇت ئوقۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار قاتتىق تەن جازاسىنى يولغا قويدى. ھەر كۈنى تاياق زەربىدىن ئالقانلىرى ئىششىپ كەتكەن، پالاقا ئېسىپ (بىرتال كالتەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھالقا شەكىللىك زەي ئۆتكۈزۈپ، تاياق يىگۈچىنىڭ پۇتىنى زەي ھالقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئىككى ئادەم مۈرىسىگە ئېلىپ، كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىر ئادەم تاياق بىلەن تاپانغا ئۇرىدىغان جازا قورالى) ئۇرۇش نەتىجىسىدە يەرگە دەسسىيەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈشكە بولاتتى. نەتىجىدە نۇرغۇن، ئوقۇغۇچىلار تاياقتىن قورقۇپ، مەكتەپتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. موللىلارنىڭ ئېيتىشىچە «تاياق تەگكەن جايغا قىيامەت كۈنى گۈل ئۈنۈپ چىقارمىش.» لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق نەسىھەتلىرى كارغا يارىمىدى. مۇندىن باشقا دىن، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى قۇرئان ساۋاتى بار ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، باشقىلارغا ئايەت ئوقۇتۇپ تاپاۋەت قىلاتتى. بۇنداق ئىشقا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ياكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا ھەددى ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: 1947 ـ يىلى ئابدىراخمان قارى ئوقۇغۇچى ئابلىز راخمان بىلەن ئىمىن تۇرسۇننى ساقچىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كىرىم جۇجاڭنىڭ ئايالىغا ياسىن (يىنسىن) سۈيى ئوقۇپ بېرىشكە ئەۋەتكەندە مەكتەپ مۇدىرى نۇر بەختى خاپا بولسا، ئابدىراخمان قارىم نۇر بەختىنىڭ گىلىنى سىقىپ ئۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. يۇقىرىقىدەك خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چاقىلىقتا مائارىپ تۇنجۇقۇپ قالدى.

## 4. چاقىلىق مائارىپىنىڭ قايتا گۈللىنىشى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. جۇملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقىدا تۇرۇۋاتقان چاقىلىقمۇ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە يېڭى، دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى تاڭ نۇرىنى كۆردى. بۇ چاغدا ناھىيە بويىچە 15 سىنىپ، 17 ئوقۇتقۇچى قالغان ئىدى. 1950 - يىلى 1 - ئايدا ھەر قايسى جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن ئوقۇتقۇچىنى، ئوقۇغۇچىلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە قايتىدىن يىغىلىپ يېڭىدىن ئوقۇش باشلىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار قارا شەھەر ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدا ئېچىلغان 1 - نۆۋەتلىك مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. بۇ كۇرسىنىڭ مۇددىتى بىر يىل ئىدى. كېيىن ئارقا - ئارقىدىن 2-3- تۈركۈملىرىمۇ ئەۋەتىلدى. ھەمدە تولۇقسىز دارىل مۇئەللىمىنلەرگىمۇ ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. بولار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چاقىلىقنىڭ مائارىپ قوشۇنىنى تولۇقلىدى ۋە زورايتتى، شۇنداقلا كوممۇنىستىك پارتىيە چاقىلىق مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا ناھىيىلەردىن تەجرىبىلىك، پېشقەدەم مائارىپچىلارنى يۆتكەپ كەلدى. مەسىلەن: 1951 - يىلى كورلىدىن مەھەممەت موسا، ئابدۇقادىر جامال يۆتكەپ كېلىندى. 1952 - يىلى بۈگۈردىن مەھەممەت روزى يۆتكەپ كېلىندى. 1953 - يىلى لوپنۇردىن ياسىن ئاسىم يۆتكەپ كېلىندى.

1951 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئۇدا 5 يىل ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتىدا مۇئەللىملەر

كۆرسى ئېچىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ قاتنىشىپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىپ، ماركسىزىملىق دۇنيا قاراشنى تىكلەش، ماتېماتىكا، تىل - ئەدەبىيات، پېداگوگىكا دەرسلىرى تولۇقلىنىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا سادىق بولۇش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنى تۇرغۇزۇش، كونا جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇپ كەلگەن كونا ئەخلاق، كونا كۆز قاراش، كونا ئىستىل، كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ پارتىيىنىڭ مائارىپ لۇشيەنىنى توغرا ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت مائارىپچىلارنىڭ تارىخى بۇرچى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سىياسىي، كەسپىي سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان مائارىپ قوشۇنى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

1958 - يىلى ناھىيىمىز چاقىلىقتا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇشى سېلىنىپ، 1959 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22-كۈنى رەسمىي دەرس باشلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېشەك مىنىپ كورلا، قاراشەھەر ياكى چەرچەنگە بېرىپ ئوقۇش قىيىنچىلىقى مەڭگۈ ئاياغلاشتى. كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ تەشكىل قىلىندى. ھازىر ناھىيىمىزدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردىلا ئەمەس، بەلكى بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ، دالىيەن، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇماقتا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى سان جەھەتتىلا ئەمەس، سۈپەت جەھەتتىمۇ كۆپ تەرەققىي قىلدى.

# بۈگۈرنىڭ كونا بازىرى ۋە ھازىرقى بازار ئەھۋالى

ئوسمان روزى

بۇ ھەقتە تەزكىرە ئىشخانىمىز، 1985 - يىلى 9 - ئايدا
يېزىپ چىققان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، بۈگۈر ناھى-
يە يەرناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسىدە، بۈگۈرناھىيىسىدىكى مە-
مۇرىي رايونىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىش ئەھۋالى دېگەن مەخسۇس
تېمىدا خېلى ئەتراپلىق سۆزلەنگەن ئىدى.

مەن، پەقەت بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ كونا بازىرى ۋە
ھازىرقى بازىرىنىڭ جايلىشىش ئورنى ھەمدە تەرەققىياتى توغ-
رىسىدا تەپسىلىرەك قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئازىراق بول-
سىمۇ تارىخى تەزكىرە قالدۇرۇش مەقسىتىدە، بۇ قولىيازمىنى
يازدىم.

1868 - يىللىرىدىن، 1876 - يىللىرىغىچە ياقۇپ بەگ-
نىڭ ئەسكەرلىرى، بۈگۈرنىڭ كونا بازىرى بولغان ئۆتەڭ با-
زىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ئوت قويۇپ، ۋەيران قىلىۋەتكەن-
دىن كېيىن، بۈگۈر ئۆتەڭ بازىرى ھازىرقى بازارغا كۆچكەن.

بۈگۈرنىڭ كونا بازار-ئۆتەڭ بازىرى، ئاق بۇلاق يېزا
5 - ئاھالىلەر كومىتېتى (ئۆتەڭ داۋۇي) نىڭ 2 - ئاھالىلەر گو-

دۆپپىسى (كونابازار مەھەللىسى) ئورنىدا ئىدى.

ئۆتەڭ بازىرىنىڭ ئىچىدىن خان يولى كېسىپ ئۆتىدۇ. بازار ئىچىدە ھەممىگە تونۇش بولغان سىرھاجىمنىڭ ئائىلىسى بار. شۇۋاقىتتىكى بەگلىك تۈزۈمىدە ئەڭ دەسلەپكى بەگلەردىن ھېكىم بېگىم، ئاندىن ھەيدەر بېگىم، ئاندىن يۈسۈپ بېگىم، ئاخىرىدا سىدىق بېگىملەر بەگ بولۇپ، بۇگۇرنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن. 1902 - يىلى بۇگۇر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ھاكىم تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن.

بۇگۇر كونا بازىرى، ئۆتەڭ بازىرى، ھازىرقى بازارغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپكى بۇگۇر بازىرى قىلىنغان جاي - بۇگۇر بازار ئىچى كونا بازار مەھەللىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن جاي بازارقىلىنغان. بۇ ھازىرقى ناھىيىلىك كۆمۈركان ئائىلە قوروسى ئورنى، ناھىيىلىك كىتابخانا، سىمونت زاۋۇتى ئائىلە قوروسىنىڭ ئورنى تارىختا ئۆتكەن سادىق تۆگىچى، خەلچىخان ئاغىچا، ناسىۋالچى ئالماس باي، دۆڭ شۆتاڭ (خەنزۇ مەكتەپ) توختى ھاجىم باي، دېگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىدىن، خانقاغا بارغىچە يوللارنىڭ ھەممىسى بازار كوچىسى قىلىنغان.

بازارنىڭ شەرقى -جەنۇبىي تەرەپلىرى—

ھازىرقى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئائىلە قوروسى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. بازارنىڭ غەربىي-شىمال تەرىپى ھازىرقى ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ ئىشخانا ئورنى ئائىلە قوروسى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. بازار كوچىسىنىڭ ئۈستى

يېپىقلىق بولۇپ، ھەر 20 مېتىر ئارىلىقتا يورۇقلۇق چۈشۈش تۆشۈكى قويۇلغان. بازار كوچىسى تار بولۇپ، ھاۋا، ھايۋانلار كىرىشكە بولمايتتى. بازار كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپى سودا دۇكانلىرى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئاتاغلىق سودىگەرلەردىن، ئابدۇمانناپباي (قەشقەردىن)، ئىبلاخۇن باي (قەشقەردىن)، ئابلاخانباي (ئافغانىستاندىن)، مامۇت بايۋەتچى (قەشقەردىن)، دولان روزى ھاجىم (يەكەندىن)، ئىزىز ھاجى (قۇمۇلدىن) قاتارلىق سودىگەرلەر بۇگۇر بازىرىنى ئاۋاتلاشتۇرغان. بازارلارنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ سودىگەرلەرمۇ كۆپەيگەن

1932 - يىللىرىغىچە، بۇگۇر بازارئىچىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىغان. 1933 - يىلىدىن 1938 - يىللىرىغىچە بۇگۇرنىڭ بازىرى كېڭەيتىلىشكە باشلىغان، بولۇپمۇ، 1938 - يىلىدىن 1942 - يىللارغىچە، ئاخۇن شەنجاڭ ( قۇمۇلدىن ) دەۋرىدە، بۇگۇرنىڭ كونا بازارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پىلانلاپ باشقىدىن كېڭەيتىپ، يول چىقىرىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورمان قويۇپ، بازار تۈسىگە كىرگۈزگەن، شەھەر ئاھالىلىرىنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان.

بۇ، ئورۇنلاشقان شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ سودا-سېتىق قىلىشى دۇكان-رەستىلەرنى ئېچىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇگۇر بازارلىرى ئىچىدە ھەر خىل تىپتىكى سودا-سېتىقچىلار كۆپىيىپ، بازار كوچىلىرىمۇ تەدرىجىي كېڭىيىپ، بازار ئۆستەڭنىڭ شەرق تەرەپلىرىگىچە يوللار ياسىلىپ، شەھەر ئائىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان. بازار كوچىلىرىمۇ رەتلىك قىياپەتكە كىرگەن.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بۈگۈردە تۇرۇش-
لۇق گومىنداڭنىڭ 382 - تۈمەننىڭ ئەسكەرلىرى، بۈگۈرنى بۇ-
لاڭ-تالاڭ قىلىپ، بازار ئىچىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلى-
ۋەتكەن.

1950-يىلى ئەتىياز پەسلىدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئوت قويۇلۇپ كۆيۈپ كەتكەن دۇكان،
ئۆي-ئىمارەتلەر باشقىدىن ياسىلىپ، رېمونت قىلىنىپ رەتلەن-
گەن. شۇنىڭ بىلەن 1978 - يىلىغىچە، شەھەرنى پىلانلاشقۇ-
رۇلۇشىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىغان ئىدى. جەنۇبىي
شىنجاڭ تاشيولىمۇ، 1978 - يىللىرىغىچە، بازار ئىچىدىن كېسىپ
ئۆتۈپ ماشىنىلارمۇ كونا تاشيول بىلەن ماڭاتتى.

1978 - يىلىدىن كېيىن، بۈگۈر بازار ئىچىدىكى تاشيول
هازىرقى يېڭى تاشيول ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. شەھەر كوچىلى-
رىمۇ باشقىدىن رەتلىنىپ، بازار كوچىلىرىدا چوڭ ئۆزگە-
رىش بولدى.

1985 - يىلىغا كەلگەندە، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىناسى،
مېھمانخانا، كىنو-تىياتىرخانا سېلىندى، ئەسلىدىكى بازاركو-
چىسىدىن 2 چوڭ كوچا قۇرۇلۇش ئورنىغا چىقىپ كەتتى. يېڭى-
دىن 2 چوڭ يول چىقىرىلدى.

نەتىجىدە بازار كوچىسى رەتلەندى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن
ئاتىلىپ كەلگەن 3 بۇرجەك شەھەر دېيىلگەن كوچىلار رەتلە-
نىپ، 4 چاسا رەتلەنگەن، تەكشى، قاراماي ياتقۇزۇلغان شەھەر
كوچىسىغا ئايلاندى.

تارىختىن بۇيان بۈگۈر بازارلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئور-

نىنىڭ كۆچۈشى بولۇپ تۇردى. 1983- يىلى بۇگۇن بازارلىرى، ئەسلى ئورنىدىن بۇرۇندىن كۆنچى مەھەللىسى دەپ نام ئال-غان جايغا كۆچۈرۈلدى.

هازىر بۇ بازار يېڭى بازار دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئې-تىبارەن بۇ يېڭى بازارغا، ھەرخىل تىجارەت، سودا دۇكانلىرى، ياسى-مىچىلار ئورنى قاتارلىق مۇلازىمەت قىلىش سورۇنلىرى قۇ-رۇلدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بىلەن بۇ بازار كۈندىن-كۈنگە ئاۋاتلاشماقتا.

ئەسكەرتىش: ئاقبۇلاق يېزىسىنى ئىككىگە ئايرىش مۇنا-سىۋىتى بىلەن، تارلاق يېزىسى ۋە ئاقساراي يېزىسى دەپ ئاي-رىلدى. ئۆتەڭ ئاھالىلار كومىتېتى ئاق ساراي يېزىسىغا تەۋە بولدى. ئاقبۇلاق يېزىسى دېگەن ئاتالغۇ ئەمەلدىن قالدى.

# كورلا خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر

ئابلا سايىت، باۋۇدۇن چوك

1931 - يىلىدىن تارتىپ ئارقا - ئارقىدىن داۋاملىشىۋاتقان يېغىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك كورلا خەلقىنىڭ بېشىغا تۈرلۈك كۈلپەتلەر ۋە ئازاب ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. دەرت - ئەلەم، غەم - ئەندىشە ئىچىدە خەلق ھالىدىن كەتتى.

ياپ - يېشىل كۆركەم زېمىن قايغۇ ۋە ماتەم تۈسىنى ئالدى. دەھشەتلىك ئېغىر ئاپەت خەلقنىڭ ھاياتىغا چاڭگال سالدى. يۇرت ئەھلى، مەھەللە ئىچى گويا قەبرىگاھ ۋە ياكى زىندانغا ئوخشاپ قالغانىدى.

1941 - يىلى يۇرت ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە نەدىمۇ خەلق بولسۇن! خۇددى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئاچارچىلىق دەستىدىن زار - زار قاخشاۋاتقان خەلقنىڭ ئۈستىگە «ئەلەڭ» ئاشلىق سېلىقى، ۋە يەنە لەك تۇشۇش سېلىقى يۈكلەندى. بۇ سېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەر خانىۋەيران بولدى. كۆپلىگەن دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا پانالىق ئىزدەپ چىقىپ كەتتى، شۇڭا كۆپلىگەن يېزا - قىشلاقلاردا يەرلەر تېرىقسىز،

مۇنبەت ئېتىزلار ئۇنۇمسىز ئەھۋالدا چۈشۈپ يۇرت ئىچىدە ئاچارچىلىق ئېغىرلاشىۋەردى. ئۈرۈمچىدە «لەك» توشۇشقا تۇتۇلغان بىچارە دېھقانلارنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرى قەھرىستان سوغۇقلاردا ئارا يولدا ئۆلۈپ ئۇلارنى تېخىمۇ دەرت ئەلەمگە قويدى. بەزى دېھقانلار ئۈرۈمچى يوللىرىدا ئەجەل داۋانلىرىدىن ئاشالماي ھاياتىدىن ئايرىلدى. شۇ قېتىمقى ئاچارچىلىقتا نەچچە يۈز كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دەرت ئۈستىگە دەرت، زۇلۇم ئۈستىگە زۇلۇم تارتىش تۈپەيلىدىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېسەل بولۇپ ئالەمدىن كەتتى. ھايات قالغانلىرى زامان زۇلمىنىڭ قاتتىق ـ قات زەربىسىدىن نىجان بولۇپ ئىڭراۋاتقان خەلقنىڭ يەنە بېشىغا 1942 ـ يىلى «ۋابا» «قارا كىزىك» دېگەن چوڭ ئاپەت ياغدى. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىنى ئەجەل قىسمەتلىرى قاپلىدى.

بۇ ھەقىقەتەن «قوشلاپ كەلگەن كۈلپەت» ئاچارچىلىق، زۇلۇم دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن ئاچ خەلق بۇنداق قورقۇنۇچلۇق «ۋابا» «قارا كېزىك» قاتارلىق ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەلگە قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن؟ مۇدھىش «قارا كېزىك» ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارغا تارقىلىپ مىڭلىغان كىشىلەرگە يۇقتى، كېسەل يۇقۇملانغان كىشىلەر لاغىلداپ تىترەپ ياتقان يېرىدىن قوپالماي ئۆلۈپ كەتتى. ھەر كۈنى تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغا ـ زارە، نالە ـ پەرياد ساداسى يۇرت ئىچىنى لەرزىگە سالدى، ئۆلۈم، كېسەل ۋەھىمىسى ھەممە يەرنى قاپلىدى. پۈتۈن خەلق ساراسىمىگە

چۈشتى. نالە پەرياد قىلىۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەردە قانداقمۇ ئامال بولسۇن، ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللادىن مەدەت تىلەشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. كېسەل تېز تارقالماقتا ئىدى. مۇشۇنداق هايات - ماماتلىق پەيتتە يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە دىنىي ساهەدىكى ئۆلىما - ئاخۇنۇملار خەلق-نىڭ نالە - زارى هەم ئەجەل قىسمەتلىرىنىڭ ۋەهىمىسى ئالدىدا كورلا شەهىرى بويىچە كەمبەغەل يوقسۇل، مۇساپىرلارنى ئاچارچىلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارغا خەيرى - سا-خاۋەت قىلىش هەرىكىتىنى قوزغاپ، تەشكىلىي هەيئەت تەش-كىل قىلىپ پۈتۈن خەلققە مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، تۆۋەندىكى كىشىلەرنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلغان.

مەخسۇت ئەلەم هاجىم، موللا كىچىك ئاخۇنۇم، تۇختى قازى ئاخۇنۇم، ئىسمايىل هاجى داموللام، مۇسا هاجى، مۇسا شاڭزۇڭ، ئەمەت هاجى ئەشرەپ هاجى، باۋۇدۇن چوڭ، ئەرشى-دىن خەلپەت، هەسەنۇپ داجىڭجاڭ قاتارلىق كىشىلەر مەس-ئۇل بولۇپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ يېزىلاردا بايلارنى سە-پەرۋەر قىلىپ ئاشلىق، مال چارۋا، شەهەرلەردە پۇل كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغقان. نەتىجىدە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 15 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق، 30 - 40 دەك چوڭ - كىچىك مال - چارۋا، نەچچە مىڭ يۈەن نەق پۇل، نۇرغۇن رەخت، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسە كې-رەكلەر يىغىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ مەسچىت ئىچىدە كەمبەغەل - يوقسۇل مۇساپىرلارغا يىغىلغان ئاشلىق، پۇل، كىيىم - كېچەكلەر، ئېگەللەنگەن سان بويىچە هەر بىر ئا-

دەمگە تارقىتىپ بېرەلىدى. لېكىن قورقۇنۇچلۇق «ۋابا»، «قارا كېزىك» كېسەلى توختاش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى ئۇنىڭ تار- قىلىشى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئەجەل باي، ئەمەلدار، بەگ- غوجاملارنىمۇ قوينىغا ئالدى. شۇ يىلى شەھەر ئىچىدە بەگ- دۆبىمگى قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى ۋە ئەمەلدارلارگىمۇ بۇ كېسەل يۇقۇپ بىر ئائىلىدە بىر كۈندە ئىككى جاننىڭ جېنىغا چاڭگال سېلىپ يۇقىرى تەبىقىلەرنىمۇ زىل - زىلىسىگە كەلتۈرۈپ ناھايىتى بەك چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ يىللاردا كورلىدا نەدىمۇ دوختۇر، دورا بولسۇن. بۇ مۇدھىش كېسەلگە ھېچقان- داق ئادەم چارە قىلالمىدى. بەختىگە يارىشا پەسىل ئۆزگىرىپ ھاۋانىڭ سوۋۇن ئارتىشى بىلەن كېسەلنىڭ تارقىلىشى پەسى- يىپ يۇقۇش دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن خەلقنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولدى. بۇ ئاپەتلىك يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن كورلىدىكى ھەر تەبىقە كىشى- لەر 1942 - يىلى ئۈرۈمچىگە ئالاھىدە بېرىپ ئومۇم خەلق تەلەپنامىسىنى سۇنۇپ ئاران دېگەندە يىل ئاخىرىدا ئۈرۈم- چىدىن بىر دوختۇر ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن دورا كەمچىل، دوختۇر يېتىشمىگەنلىكتىن يەنىلا خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىدى.

# يەنە تارىم ۋادىسىدىكى قاراقوشۇنلۇقلار توغرىسىدا

سۇلايمان ئابدىرەھىم

ئۆتكەنكى ماقالەمدە «قاراقوشۇن» قانداق جاي؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى ئاددىيلا توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ ماقالەمدە قارا قوشۇنلۇقلار ھەققىدە بەزى بىر تارىخىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. يولداشلارنىڭ ئۆگىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تارىختىن خەۋىرى بار يولداشلارنىڭ يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«قارا قوشۇن ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ئاتالغۇ ئىدى» — دېگەن مەسىلە كۆپ باش قاتۇرۇشقا، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخقا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلدى. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا 10 - ئەسىردە كىرگەن، بۇ ئېنىق، لېكىن 9 - 10 - ئەسىرلەردە جۇڭگودا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا (جۈملىدىن شىنجاڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ناھايىتى زور بىر قىسىم سىياسىي تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ ۋەقەلەرنى يىغىپ ئېيتساق:

1) ئەرەبلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى تالىشىش ئۇرۇشى باشلاندى. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسىغا قارشى دېھقانلار

ئۇرۇشى پارتلاپ، تاڭ سۇلالىسى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

2) مىڭ يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولغان پىشامشان بەگلىكى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

3) 9 - ئەسىردە شىنجاڭدا قۇجۇئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلۇپ، بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلا ۋاقىتتا كونترول قىلدى.

4) توبۇتلار ۋە چاگىزۇلار قۇجۇئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ھازىرقى چاقىلىق (پىشامشان بەگلىكى) قارىمىقىدىكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالدى.

5) خوتەندە بۇددىستلار بىرىنچىقېتىم ئىسلام دىنىدىن يېڭىلىپ، قاراخانىلارغا قارشى توپىلاڭ كۆتەردى ۋەھاكازالار.

بۇئىشلارنىڭ قارا قوشۇن بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇنىڭغا تارىخ جاۋاب بەرسۇن.

مىلادى 9 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەبلەر ۋە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەرەب قوماندانى ئىبىنى قۇتەيبە بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى تالىشىش ئۇرۇشى باشلاندى. بۇ ئۇرۇشتا پىشامشان بەگلىكى (چاقىلىق) تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئارقا سەپلىك رولىنى ئويناپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئات-ئولاغ، يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن بۇدەۋر تاڭ سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزتۇتقان دەۋرى بولدى. زىمىنىنىڭ بەك كىچىكىيىپ كېتىشى،

توختىماي داۋام قىلغان ھەربىي يۈرۈشلەر خەلق ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆپەيتىپ، تاڭ سۇلالىسىغا قارشى دېھقانلار ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 907 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. پىشامشان بەگلىكىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلدى. مىلادى 815 - يىلى تۈبۈتلار پىشامشانغا تاجاۋۇز قىلىپ، پىشامشان پادىشاھى بوبسانى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى بۇلاپ-تالاپ قاتتىق ۋەيران قىلغانىدى. ئارقىدىن چىڭخەيدىكى چاڭزۇلار بېسىپ كىردى. ۋە قاتتىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئەمدىلىكتە ئەرەبلەردىن مەغلۇپ بولغان، ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ، باش پاناسىز قالغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پىشامشاننىڭ ھەممىسىنى قويماي بۇلاپ كېتىپ، يەنە بىر قېتىم قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پىشامشان بەگلىكى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا شىنجاڭدا ئىككى قۇدرەتلىك خانلىق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى تۇرپاندا قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 850 - 1250 - يىللار)، يەنە بىرى قەشقەردە قاراخانىلار خانلىقى (مىلادى 823 - 1222 - يىللار. بۇ يىلنامە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن ئېلىندى). بۇ ئىككى خانلىق شىنجاڭنى بىرلا ۋاقىتتا كونترول قىلىپ، 4 ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. پىشامشان بەگلىكى (ھازىرقى چاقىلىق) قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە چاقىلىقتا جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلىنىپ،

جەمئىيەت بىرقەدەر تىنچلاندى. خاراب بولغان شەھەرلەرقايـ
تىدىن تىكلەندى. ئىگىلىكمۇ ئۆز ئىزىغا چۈشتى. لېكىن تىـ
پەتلىكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى.
شۇنداقلا چىڭگىزخەيىنىڭ كۆكنۇر كۆلى ئەتراپىدا ياشايدىغان چاڭـ
زۇلارمۇ بۇرايونغا بېسىپ كىرىپ پات-پات بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى.
نەتىجىدە كىشىلەر ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ، شەھەر-يېزىلاردا
تۇرالماي، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېـ
قىمىدىكى يايلاقلاردا ئېپتىدائىي جەمئىيەتتىكىدەك كەپە-ساتـ
ىملاردا ياشاشقا مەجبۇر بولدى. بۇئىش قوچۇئىدىقۇت ئـۇيغۇر
خانلىقىنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئـۇنىڭ ئـۇستىگە قـاراخانىلار
خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەندە بۇددىستلار بـىرقانچە
قېتىم ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ قاراخانىلار خانلىقىغا قارشى
توپىلاڭ كۆتەردى. بۇتوپىلاڭلار باستۇرۇلغان چاغدا، بىرقىسىم
كىشىلەر چاقىلىققا قېچىپ كەلدى. ئۇلار چاقىلىققا كەلگەندىن
كېيىن تىنچ ياتماي، تىبەت ۋە باشقا بۇددا دىنىدىكى مىللەتـ
لەرنى قاراخانىلارغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. نەتىجىدە چاـ
قىلىق باشقىلار يىغىلىپ قاراخانىلارغا قارشى تۇرۇشنى پىلانلايـ
دىغان سۈيىقەست بازىسىغا ئايلىنىپ قـالدى. شـۇنىڭ بىلەن
بۇئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى. بۇ ـ
ھال بۇ ئىككى قېرىنداش دۆلەتنى مۇقىم تەدبىر قـوللىنىشقا
مەجبۇر قىلدى، شۇنداق قىلىپ قاراخانىلارخانلىقىنىڭ پادىشاھى
يۈسۈپ قادىرخان (مـىلادى 998 - 1032 - يـىللىرى تەختتە
ئولتۇرغان) دەۋرىدە قوچۇئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن كىـ
لىشىم تۈزۈپ، يات مىللەتلەرنىڭ تـاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ۋە

قاراخانىلارنىڭ خوتەننى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى بىرقىسىم يايلاق قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قوشۇنى تۇرۇش ئۈچۈن كېسىپ بېرىلدى. بۇجاي قاراخانىلار قوشۇنى نامىدا تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە «قارا قوشۇن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇيەرنىڭ شىمالىدىكى قوۋچۇلدا قوجۇئىدىقۇت قوشۇنلىرى تۇردى. قاراخانىلار قوشۇنى تۇرۇش ئۈچۈن يەر كېسىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپتا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا يول قويۇلمىدى. پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر مەسچىت سېلىشقا روخسەت قىلىندى. شۇڭا قاراخانىلارنىڭ قوشۇنى ئابدال دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بىر تۇزلەڭگە مەسچىت سېلىپ ناماز ئوقىدى. (ھازىرقى بۇمەسچىتنىڭ ئىزىراق يېرىلا قۇم ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.) بۇمەسچىت ھازىرغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن (ئاق مەسچىت» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «لوپلۇق» لارنىڭ ھازىرغىچە ئالتە شەھەرلىكلەرنى قاراقوشۇنلۇق دەپ ئاتىشى شۇنىڭدىن قالغان.

مىلادى 1348 - يىلى ( ئىچكى جۇڭگودا مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن 20 يىل بۇرۇن) چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان دۇغلات قەبىلىسىدىن بولغان بولاجى دوغلاتنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۇدا خان بولۇپ، موغۇلىستان خاندلىقىنى قۇردى. مىلادى 1352 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان 160 مىڭ موڭغۇلنى باشلاپ مۇسۇلمان بولدى. (تارىخىي ھەممىدىيەدىن). لېكىن موڭغۇللار ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىزاتلار (لاما، گېلىڭلار) تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن نارازى بولۇپ، 7مىڭ

موڭغۇل ئاقسۇنىڭ قارايۇلغۇن ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاق ئې -
شەك لەڭگەرى دېگەن جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييار -
لانغاندا، توغلۇق تۆمۈرخان ئالدىن خەۋەر تېپىپ، توپىلاڭنى
ئاسانلا بېسىقتۇردى. ئۇلارنىڭ قاچقىنىنى قېچىپ، ئۆلگىنى ئۆ -
لۈپ، قالغانلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن
ئېقىمىغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنىڭ شۇجايلاردىن چىقىشىنى
چەكلىدى. ئىسلام دىنىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇردى. ئۇلارنى
شەرىئەت بويىچە قاتتىق باشقۇردى. ئۇلارنى شىمالدا چۆك
كۆلدە، جەنۇبتا قورغاندا (چاقىلىقتىن 70 كىلومېتىر شىمالدا)
توسۇپ تۇردى. ئۇچاغلاردا بۇجايلاردا چوڭ يول يوق ئىدى.
ئۇلار كۆپرەك مەركەزلىك ھالدا يېڭىكۆل، چارا، كۆزلەك،
قاراچاچ، توڭغۇزلۇق قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشتى. يېڭى
كۆلدە (33 - تۈمەن ئەتراپى) يېقىنقى زامانغىچە «موڭغۇل
چۈشتى» دەيدىغان بىر كۆل بارئىدى، موڭغۇللار مۇشۇيەردە
ماللىرىنى سۇغۇرۇپ تۇرغان بولسا كېرەك. كېيىنكى ۋاقىتلار -
دا كۆزلەكتە ناھايىتى چوڭ بىر مەسچىت سېلىنغان. بۇمەس -
چىتنىڭ چوڭلۇقىغا قارىغاندا بۇيەرنىڭ ئاھالە مەركەزلەشكەن
رايون ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بەزى يې -
شىچوڭ ئادەملەر: «بۇرۇن قاراقوشۇندىن شىڭدى تېخىمچە ھەم -
مىسى مەھەللە ئىدى» دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ. كېيىنچە بۇموڭ -
غۇللار تارىم ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ. كەتكەن.
بىرقىسمى ئۆزۋاقتىدىلا قارا قوشۇنغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە قا -
راقوشۇنلۇقلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن. ھازىرمۇ بەزى كىشىلەر -
نىڭ (بولۇپمۇ «لوپلۇق»لارنىڭ) موڭغۇل چىراي بولۇشى مانا

شۇ كونا ئىرسىيەتنىڭ دەلىلى. يەنە بىرقىسمى پۈرسەت تېپىپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغان قېچىپ بارغان. ئۇلار پات-پات قاراقوشۇنغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان ئىدى.

مىلادى 1514 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان، توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 6 - ئەۋلادى زوراۋان پادىشاھ مىرزا ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى. لېكىن مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، گاڭزۇ باشچىلىقىدىكى تىبەتلىكلەر بېسىپ كىرىپ، قارا قوشۇننىڭ جەنۇبىدىكى ئاق ھونلار شەھىرى ئابدالنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قاراقوشۇننى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتتى. تىبەت باسقۇنچىلىرى ئابدال شەھىرىگە بىرقەلئە سېلىپ، مۇستەھكەم ئورنىشىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن سەئىدىيە خانلىقى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. (پولات قادىرنىڭ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىن) سەئىدىيە خانلىقى كونا قارا قوشۇننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇيەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، قاراقوشۇننى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. تىبەت بىلەن بولىدىغان چىگرا ماجىراسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالتۇنتاغدىكى قۇمتاشلىق بىلەن قاراچال ئارىلىقىدىكى تۆگىلىك سايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تىبەت بىلەن تىركىشىپ تۇردى. بۇيەردىكى ئەسكەر تۇرغان سېپىل بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقاندا ئىشلەتكەن ئۇرۇش قوراللىرى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇيەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا 14 - 15 - ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى ئو -

مۇملاشقان بولسا چاقىلىقتا ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قاراقوشۇندا 18 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدى. لېكىن ناماز ئوقۇش ئومۇمىيۈزلۈك بولمىدى. بۇتوغرۇلۇق موللا موسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىيەدە»: «لوپ ئەھلىنى مۇسۇلمان دېسە مەسچىتى يوق، ئەمەسمىكىن دېسە بۇتخانىسى يوق » دەپ يازىدۇ. يەنە شۇكىتابتا: بىر ئەسىرياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق زاماندىن بۇيان بۇشەھەرلەردىكى ئىشان ھەزرەت، موللا ۋە ساھىپ ئادەملەر بۇجايلارغا بېرىپ (ئاپتور بۇيەردە ھىدايىتوللا ئىشان (ئاپپاق غوجا)نىڭ قىلمىچىدىن قېچىپ بارغانلارنى كۆزدە تۇتسا كېرەك) ئۇلارنى ئىمانى ئىسلام ۋە بىنائى موسولمانچىلىققاتەرغىپ قىلىپ، ئاللانىڭ بىرلىكىنى ئۆگىتىپ تەلىم بەردى»دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا قاراقوشۇندا سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرقىسىم باشپانا ئىزدەپ كەلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئىسلام دىنى تارقىتىلغان.

1678 – يىلى سەئىدىيە خانلىقى ھىدايىتوللائىشاننىڭ جۇڭغارلارنى باشلاپ كېلىشى بىلەن مۇنقەرز بولدى. ھىدايىتوللا ئىشان «ئاپپاق غوجا» نامى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت «قەشقەرىيە» گە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى زور قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئىبراھىم ھوشۇر ئۆزىنىڭ «ئاپپاق غوجا» ھەققىدىكى ماقالىسىدا: «بىر يەركەندىلا 30مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى» دەپ يازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرقىسىم كىشىلەر «ئاپپاق غوجامىنىڭ قىلمىچىدىن قې-

چىقىپ كېلىپ، چاقىلىقتا (خوتەن قارا قوشۇندا) پانالاندى. بۇنىڭغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قاراقوشۇندا تۇرۇشلۇق ھەربىي سەركەردىسىنىڭ ئوغلى مەھەممەت شىرىپ بەگ سەۋەبچى بولدى. ئۇچاغلاردا بۇكىشى يەركەندە ئوقۇۋاتاتتى. «ئاپپاق غوجا»نىڭ قىرغىنچىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەھەممەت شىرىپبەگ خەۋپ ئاستىدا قالغان بىر قىسىم كىشىنى باشلاپ قاراقوشۇنغا كەلدى. بۇلارنى كونا ئابدال شەھىرى (ئاقھونلار شەھىرى) نىڭ شىمالىدىكى بىركۆل ياقىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بىرقىسمىنى ئاتمىش بۇلاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. بۇلارنى يەرلىك قاراقوشۇنلۇقلار يەنىلا «ئابداللار» دەپ ئاتاشتى. مەھەممەت مىشىرىپبەگ بۇجاينى ياخشى باشقۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئادالەت ئۇرۇقىنى چاچقاچقا ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ خەلق ئۇنىڭغا «ئاتا غوجاخان» دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەردى.

1678 - يىلدىن 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان 80 يىللىق ۋاقىت شىنجاڭ تارىخىدا خوجىلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىق دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە قاراقوشۇن ئايرىم بىر دۇنيا بولۇپ، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشىدى. 1755 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى ئامورسانانى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭغارىيەنى قولغا ئالدى. مۇشۇ چاغدا جۇڭغارلارنىڭ «ھامىلىقىدىكى دۆلەت — قەشقەرىيە» دە خوجىلارنىڭ توپىلىڭى (بۇرھانىددىن غوجا بىلەن غوجا جاھانلار توپىلىڭى) يۈز بەردى. خوجى -

لارنىڭ تۇپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەڭسۇ (گەنسۇ)نىڭ خى-
شى كاردورى ئارقىلىق چىققان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى—
چاقىلىق تەۋەلىكىگە قەدەم قويۇش بىلەن (بۇچاغدا ئاساسىي
ئاھالە قاراقوشۇندا ئىدى) قارا قوشۇنلارغا ناھايىتى ئېغىر
سېلىق سالدى. بۇنداق ئېغىر سېلىقنى (200كالا، 500قوي، 500
ئات، 300تاغار (دادەن) ئۇن، 100تۆگە، ھاشارغا 100ئادەم)
خەلق ئەلۋەتتە تۆلىيەلمەيتتى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇن-
لىرى خەلققە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالغاچقا، مەھەممەتشە -
رىپبەگ (ئاتا غوجاخان) ۋە پايانىياز باتۇر قاتارلىقلارنىڭ
رەھبەرلىكىدە خەلق قوزغىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قات-
تىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش دەسلەپتە قاراقوشۇندا، ئۇ -
نىڭ كەينىدىن قارائىلەك بىلەن ساۋقويدى ئارىلىقىدىكى ساز-
لىقتا، كېيىن چىكەدىكى ئۆي (چىگىلىك ئۆي) دىن غەربتىكى
پايانىياز يىقىلغان تۈزدە بولدى. مۇشۇ تۈزلەڭدە بولغان قان-
لىق جەڭدە پايانىياز قاتارلىق باتۇرلار قەھرىمانلارچە قۇر -
بان بولدى. ئاتاغوجاخان قالغان ئادەملەرنى باشلاپ دۈشمەن
قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق نەرسىلەرگە
ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى كەڭ لايقا ئارقىلىق چا-
قىلىققا كېلىپ، پۇقرالىرىنى يىغىپ چاقىلىق قەلئەسىنى سال -
دۇردى. بۇقەلئەنىڭ خارابىسى يېقىنغىچە بارئىدى (شىمالىي
تەرىپى تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى تاشيول، شەر-
قى بۇرۇنقى جالالىدىن ئاخۇن، ئىسمايىل كولۋانىڭ ئۆيىنىڭ
ئالدىدىكى ھازىرقى چوڭ ئۆستەڭ بويىدىكى يول، جەنۇبى
تەرىپى ھازىرقى ھەربىي گازارما، قول سانائەت بىرلەشمىسى،

پوچتىخانىدىن تارتىپ، شىنخۇا كىتابخانىسىغىچە، غەربى تە-
رىپى ھازىرقى 1-باشلانغۇچ مەكتەپتىن تىكەنلىك يېزىلىق
ھۆكۈمەت بازىرىغىچە ئىدى) ئاتاغوجاخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلە-
رى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدى-
غان چوڭ يولنى توسۇۋېلىپ قاتتىق ئۇرۇشتى. چىڭ سۇلالى-
سى قوشۇنلىرى قەلئەنى مۇھاسىرە قىلىپ، زەمبىرەككە تۇتۇپمۇ
ئالالماي، ئاخىرى دەرياسۇيىنى توسۇپ، قەلئەنى سۇغا باستۇ-
رۇۋەتتى. ئالدىراشچىلىقتا پۇختا سېلىنمىغان ۋە ياخشى قۇرۇ-
مىغان بۇسېپىل گۈركىرەپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىگە بەرداشلىق
بېرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇتەگداشىمىز كۆرەشتە
(چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى 12 مىڭ، خەلق ئارانلا 2 مىڭ-
غا يېقىن) خەلق باتۇرلارچە ئېلىشىپ، كۆپچىلىكى باتۇرلارچە
قۇربان بولدى. ئۇلار ئۆز قېنى بىلەن چاقىلىق تارىخىغا بىر
قەھرىمانلىق سەھىپىسى يېزىپ قالدۇردى. پەقەت ئاتاغوجاخان
باشچىلىقىدىكى بىرقانچە كىشىلا ئالدىغا كەلگەننى چاناپ قور-
شاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى (ئېيتىشلارغا قارىغاندا چاقىلىق
دەرياسىنىڭ تاغ ئېغىزىدىكى ئۆيلەر كېيىنچە ئاتاغوجاخانلار
ياشىغان جاي ئىكەن). شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قو-
شۇنلىرى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ (يېقىنقى زا-
مانغىچە ھازىرقى ساقچىنىڭ ئورنىدىكى باۋۇدۇن ھاكىمنىڭ
بېغىدا بىر داش قازاننىڭ تېگىدە قېتىپ قالغان جەسەت بار
ئىدى. بۇكىشى شۇچاغدا «چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قىلىچىدىن قې-
چىپ قازاننىڭ تېگىگە مۆكۈنۈۋالغان بولسا كېرەك) چاقىلىق
ۋە قاراقوشۇننى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتتى.

ھايات قالغانلار جان ئەپقېچىپ باشقا يۇرتلارغا كەتتى.

كېيىنكى چاغلاردا ئادەملەر قاراقوشۇنغا قايتا يىغىلغان بولسىمۇ، بۇلار ئاساسەن قېرىلار، ئاياللار ۋە ئۇششاق بالىلار بولغانلىقتىن راۋاج تاپمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋا چېچەك، ۋاباكېسەلى تارقىلىپ كېتىپ،نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەچكە ھەربىر جەمەت بىر گۇرۇپپا بولۇپ، باشقا جايلارغا كۆچتى. تارىمنى بويلاپ ماڭغانلىرى شايارغىچە يېتىپ باردى. غەربكە ماڭغانلىرى خوتەن اوپقا، شەرققە ماڭغان ئابداللار ( ئاقھون ئەۋلادلىرى) پىچان ۋە قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشتى. شۇنىڭدىن كې-يىن قاراقوشۇن چۆل قالدى.

# خان يولى ۋە ئۆتەڭ

ئوسمان روزى

بۇگۇر ناھىيىسى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ يەردە قۇرۇلغان ئورۇمتاي دۆلىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى دەۋرىدە، بۇ يەردە ئەلچى - چېرىكچى تۇرغۇزۇلغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەندى زامانىسىنىڭ شىڭچۇ 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 59 - يىلى) بۇ يەردىكى ئوكىرى شەھىرىدە، غەربىي رايون قوروقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، بۇ يەر كوسەن (كۇچار) دۆلىتىگە قاراشلىق بولغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، كوسەن قوروقچىبەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى ئوكىرى ئايمىقىغا قاراشلىق بولغان.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە (بۇگۇر) دەپ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 12 - يىلى (1886 - يىلى) بۇگۇردە مۇپەتتىش تەسىس قىلىنغان.

گۇاڭشۈي 28 - يىلى (1902 - يىلى) بۇگۇر ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە قارا شەھەر مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان.

مىڭگو دەۋرىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قارا شەھەر باشۋا-
لى مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، قارا شەھەر ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باش-
قۇرۇشىدا بولغان.

1954 - يىلى كورلا ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان.

1960 - يىلىدىن ھازىرغىچە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم
ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان.

بۈگۈرنىڭ تارىختىكى تۇتقان ئورنى يۇقىرىقىدەك بولسى-
مۇ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئورنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇننى
تۇتقان.

بۈگۈر، جۇڭگودەك چوڭ بىر دۆلەتتە، شەرق بىلەن غەرب-
نى تۇتاشتۇرغۇچى يىپەك يولى بولغانلىقتىن، بۇ يەردىن، خان،
ۋەزىرلەر، لەشكەرلەر، ھەزرەت ئالىملىرى، دانىشمەنلەر ئۆلىما-
داھىلار ئۆتكەن. بۇلار بېسىپ ئۆتكەن يوللار ئۆتەڭ (چۈشكۈن-
خانا، ئارامگاھ) نىڭ ئىچى بىلەن ئۆتكەنتى.

ئۆتەڭ بۈگۈرنىڭ دەسلەپكى (1902 - يىلىدىن ئىلگىرىكى)
سىياسىي - ئىقتىسادىي مەركىزى بولغان. شۇڭلاشقا ئۆتەڭ با-
زىرىغا بارىدىغان مەخسۇس «خان يولى» ياسىلىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭ تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان.

خان يولىنىڭ باشلىنىش ئورنى — قىزىل كۆۋرۈكنىڭ
غەربىي شىمال تەرىپىدىن باشلىنىپ، دادولان يېزا قىزىل ئاھالە
كومىتېتىنىڭ 3 - ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 4 - ئاھالىلەر گۇرۇپ-
پىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى ھويلا ئاھالە كومىتېتىنىڭ 1 - ئا-
ھالىلەر گۇرۇپپىسى ئولتۇراقلاشقان ئۆستەڭ بويىدىكى يول بىلەن

مېڭىپ، ئاقبۇلاق يېزا 5 - ئاھالىلەر كومىتېتى (ئۆتەڭ) نىڭ 1 - ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچىدىكى يول بىلەن شىمالغا قاراپ ماڭغانسىرى 2 - ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىغا (كونا بازار مەھەللىسىگە) كېلىدۇ. مۇشۇ ئورۇن بۈگۈرنىڭ قەدىمقى ئۆتەڭ بازىرى ئىدى.

بۇ خان يولى ئۆتەڭ بازىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، تارلاق يولى دەپ ئاتالغان، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ماڭغانسىرى 7 - ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىغا (تىكەن قورۇق مەھەللىسىگە) بارغاندا جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ.

خان يولى باشلانغان جاي بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىغا تۇتاشقان جاينىڭ ئارىلىقى 10 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، يولنىڭ ياسىلىشى سۈپەتلىك، يولنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا بولغان.

خان يولىنىڭ بىر قىسىم ئورۇنلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ئۆتەڭ بازىرىنىڭ كوچا يولى، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان. كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كەلگەندە، خەنزۇلارنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ زاراتكارلىقى بار. ئىگەللىگەن ئورنى خېلى چوڭ.

خەنزۇ زاراتكارلىق بازار كوچىسىنىڭ شەرق قىسمىدا بولۇپ 4 چاسا تامنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان. 10 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. زاراتكارلىقنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە كىرىش ئىشىكى بولۇپ، ئالاھىدە دەرۋازا بېكىتىلگەن.

1954 - يىلى، تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتىلىپ، زاراتكار -

لىقىنىڭ ئەسلى ھالىتى يوقالدى.

1952 - يىللارغىچە كونا بازار مەھەللىسىدە، بۇرۇنقى سودا دۇكانلىرىنىڭ ئورنى ساقلىنىپ كەلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يوللارنى رەتلەش، ئائىلىلەرنى رەتلەش قىلىنغاندا بۇزۇۋېتىلگەن.

گەرچە ئۆتەك بازىرى ھازىرقى بازارغا كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، يىلدا 1 نۆۋەت كېلىدىغان روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا، يېقىنقى يىللارغىچە ئۆتەك ھېيتى ئوينۇلۇپ كەلگەن ئىدى.

بۇ ھەقتە خەلق ئاغزىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغانىدى. ئۇزۇن مۇددەت ياخشى ئۆتەلمەي، ئاجرىشىپ كېتىش ھالىتىگە يەتكەن ئەر - خوتۇنلارنى، ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن خوتۇنلىرىنى ئۆتەك ھېيتىغا ئاپارغاندىن كېيىن، يېڭى باشتىن ئەپلىشىپ ئىتتىپاق ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، شۇڭا، قىز - يىگىتلەرنىڭ توي قىلىش ۋاقتىدا قىز تەرەپ، ئوغۇل تەرەپكە، قىزىمنى ھەر يىلى كېلىدىغان ئۆتەك ھېيتىغا ئاپىرىسىز دېگەننى ئالاھىدە شەرت قىلىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى — ئۆتەكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ھېيت - بايراملارنىڭ خۇشال - خۇرام بولىدىغانلىقى خەلق تىلىدا داستان بولۇپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن بىر دەۋرلەرگىچە خەلق ئاغزىدا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# ئابلىز ھوشۇر — «چىڭگىزخان» نىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئابلىمىت مەخسۇم

ئىسمى ئابلىز (ئابدۇل ئەزىز) 1912 – يىلى 1 – ئايدا بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار يېزا مۇللا ھوشۇر داموللا ھاجى دېگەن دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 – يىلى 40 يې- شىدا ئۈرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، پارسچە، تۈرك تىلى قاتارلىق 7 تىلنى بىلەتتى ھەم تەرجىمانلىق قىلاتتى.

ئۇ تۇغۇلۇپ 16 ياشقىچە (1928 – يىلغىچە) ئائىلە تەر- بىيىسىدە بولغان ۋە ئۆز ئاتىسى مۇللا ھوشۇر داموللا ھاجىدا ئوقۇغان. 1928 – يىلدىن 1931 – يىلغىچە كۇچا ناھىيىسىدە مولايىپ داموللادا دىن ئوقۇغان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوقۇشى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەندىرىپ دېگەن نام بېرىلگەن. بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەنىسى بۇلبۇل دېگەن بولىدۇ. 1932 – يىلدىن 1934 – يىلغىچە 3 يىل قەشقەر دىنىي خانلىق مەد- رىستە ئوقۇپ داموللا دېگەن ئۇنۋاننى ئالغاندىن كېيىن ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن 1936 – يىلغىچە ھىندىستانغا بې- رىپ ئىككى يىلدىن دەرس ئوقۇغان. 1937–يىل دىن1942–يىلغىچە

6 يىل ئەرەبىستاندىكى مەككىدە ئوقۇغان، ھەم ئوقۇتقۇچى
بولغان. 1942 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە مىسىردا 4 يىل ئو-
قۇغان ھەمدە جامىئ ئەزھەر داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ دەل 35
ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا مىسىرنىڭ ئەزھەر دېگەن ئا-
تاغلىق مەكتىپىدە ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقى،
پادىشاھلىرى ھەم دىنىي ئۆلىمالىرىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ يى-
غىنىدا ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن چۈشكەن سوئاللارغا جاۋاب بې-
رىشتە ئابدۇلئەزىزنىڭ بەرگەن جاۋابى توغرا بولغانلىقى ئۈ-
چۈن شۇ قېتىملىق چوڭ يىغىندىلا مىسىرنىڭ پادىشاھى ئاب-
دۇلئەزىزنى ماختاپ «بۈگۈندىن باشلاپ سىنىڭ ئىسمىڭ چىڭ-
گىزخان بولسۇن، چۈنكى بۇرۇندا جۇڭگودا چىڭگىزخان دېگەن
بىر كىشى ئۆتكەن. بۇ قېتىم سەن جۇڭگودىن 2 - قېتىم چىق-
تىڭ» دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇلئەزىز دېگەن
ئىسمى چىڭگىزخان دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

«چىڭگىزخان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاتاقلىق»،
«مەشھۇر»، «ناھايىتى كۈچلۈك»، «تەڭداشسىز» دېگەن مەنانى
بىلدۈرىدۇ. ئۇ مىسىردىن ئەرەبىستانغا بېرىپ مامۇت سىجاڭ
بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىيىگە بارغان.
شۇ مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى داۋاملىشى-
ۋاتقان مەزگىل بولۇپ ئىنىم ئابدۇلئەزىزنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرى-
شىچە: ياپونىنىڭ بىر باشلىقى «ھازىر جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشى
بولۇۋاتىدۇ. بىز جۇڭگونى چوقۇم بويسۇندۇرىمىز، سىلەر شىن-
جاڭدىكى مۇھىم ئادەملەر، سىلەر بېيجىڭنى بېرىڭلار بىز غەلىبە
قىلغاندا چىڭگىزخان سەن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باشلىقى، مامۇت

سىجاڭنى سەن ھەربىي باشلىقى بولسەن» دېگەن. بۇ ئىككى-
سى ياپونىيىدىن بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ
شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، زىيالىيلارنى
تۇتقۇن قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ شىنجاڭغا بارماي ئا-
خىرى نەنجىڭ داشۆسىدە ئوقۇغان. بۇ چاغدا ماۋۇت سىجاڭ ۋا-
پات بولغان. ئامىرزىدىنى چىڭگىزخان چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويغان.
چىڭگىزخان ئاخىرى جۇڭگونىڭ مىسىردىكى باش ئەلچى-
خانىسىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ 1947 - يىلى 1 - ئايدا مى-
سىردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
ئانىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇگۈر يېڭىسار-
غا كېلىپ 3 ئايدەك تۇرغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ما-
شىنا ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكى
ئىشلار نازارىتىدە كوجاڭ، قوشۇمچە سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتى-
پاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. (ئەيسا بەگ
رەئىس ئىدى). مۇشۇ ۋاقىت بىتىم بۇزۇلۇپ 3 ۋىلايەت ئىنقى-
لابى راۋاجلانغان مەزگىل بولۇپ توخسۇن، تۇرپان، پىچان نا-
ھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرى ھاكىملىقنى تاشلاپ غۇلجا تەرەپكە
قېچىپ كەتكەن. بۇ ئورۇنلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى مۇرەككەپ-
لىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ 3 ناھىيىگە جەمئىيەت تەرتى-
پىنى تىنچىتىپ باشقىدىن ھاكىم سايلاش ئۈچۈن ئىنىم چىڭ-
گىزخاننى باشلىق، لى X X نى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ 25
دەك كىشىنى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى توخسۇن،
تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىپ، توخسۇن ناھىيىسىگە

ھامۇت داموللىنى شەنجاڭ، تۇرپاندا ئابدۇراخمان مەۇھىتىنىڭ ئورنىدا ئابلىمىت دېگەن چوڭ ئاخۇننى شەنجاڭ، پىچان ناھە-يىسىگە ئۇكچۇن ۋاڭنىڭ ئىنىسى ئىسكەندەر غوجىنى شەنجاڭلىق-قا بەلگىلەپ تۇرمىدىكى مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىپ ۋەزىپىنى تاماملاپ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ باردى. بۇ خىزمەتكە مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ قاتناشتىم.

ئىنىم ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان بۇ ۋەزىپىنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. 1948 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا رەئىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە جىياڭ جېشىنى زوڭتۇڭ سايلايدىغان ۋەكىل نامزاتىنى تۆۋەنگە چۈشۈرگەندە چىڭگىزخاننى بۈگۈردىن ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ يىلى 4 - ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ 9 - ئايدا قايتىپ كەلدى. جىياڭ جېشىنى زوڭتۇڭ سايلاش قۇرۇلتىيىغا بېرىپ قاتناشتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىر ناھىيە، ۋىلايەت ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن باردى ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دىنىي نازارەتكە باشلىق بولۇپ ھەربىر ناھىيىنىڭ چوڭ ئاخۇنلىرىنى بېكىتىش تەستىقلاش ئىشلىرىنى بېجىردى.

1949 - يىل 7 - ئايدا تۇغقان يوقلاش ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن بۈگۈر يېڭىساردىكى ئائىلىمىزگە كەلدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئۆلكىلىك تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى مەھەممەتئىمىن بۇغرا، باش كاتىپ ئەيسا

بەگ، قۇربان قوداي، ھاجى ياقۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، پولات قادىر قاتارلىق كىشىلەر 3 ماشىنىدا يۈك - تاقىنى بېسىپ يېڭىساردىكى بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئاخشام قونۇپ ئەتىسى جەنۇبقا (چەت ئەلگە) قاراپ ماڭغانىدا سىدىق بەگنى بىرگە كېتەيلى دېسە ئۇ ئۇنىمىدى. ئىنىم چىڭگىزخاننى ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي بىرگە ئېلىپ ماڭدى. ئىنىم ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغاندا 7 دانە يامبۇ، 400 سەر ياڭچەن، 17 سەر ئالتۇن، ئۇنىڭدىن باشقا نەخلى كۆپ قەغەز پۇلنى ئېلىپ ماڭدى. چېگراغا بارغاندا باشقىلار چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئىنىم ئۆتەلمەي (كېچىكىپ قېلىپ) يەركەندە ئىككى ئاي تۇردى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە ئوكامىنى يەركەندىن قەشقەرگە چاقىرتىپ قەشقەر خانلىق مەدرىستە خەلق ھۆكۈمىتى، قەشقەر، ئاقسۇدىن چاقىرتقان دىنىي زاتلارنى 3 ئاي تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇپ 3 ئايدىن كېيىن قەشقەردە قولغا ئېلىپ 1950 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر تۈرمىسىدىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

# چەرچەننىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرد- ىكى قىسقىچە ئەھۋالى ۋە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئازادلىققىچە ئۆت- كەن ئامبال ياكى شەنجاڭلار

غوپۇر ئېزىز

چەرچەن ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق چوڭراق بىريېزىغا باراۋەر جاي بولۇپ، بۇ جايغا بارلىق ھوقۇق جۇملىدىن مەمۇرىي ۋە دىنىي جەھەتتە ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بىرلا كىشى باشچىلىق قىلىپ، بۇنداق باشلىقنىڭ مەنسەپ نامى ئاقساقال دېيىلىپ، چەرچەنگە شۇۋاقىتتا موللا ئىسلام ئاقساقىلىم دېگەن كىشى نەچچە ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. شۇئەزگىلدە باج-سېلىقلارنى كېرىيىگە ئاپىرىپ بېرىدىغان، چوڭ-چوڭ دەۋائىشلىرى يۈز بەرسە دەۋاگەرلەر ئالاھىدە كېرىيىگە بېرىپ دەۋا ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ كېلىدىغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى داۋاملىشىۋاتقان بىر ۋاقىتتا. چەرچەن رەسمىي بىر ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، تۇنجى قېتىم لوك دالاۋىي (فامىلىسى لوك بولۇپ، لوك دالاۋىي دېگەن چەرچەن تارىخىدا مەشھۇر بىر ئامبالنىڭ نامى) دېگەن كىشى ئامبال بولۇپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا لوك ئامبال ئەينى زاماندىكى ئادىل، ھەممىگە ئوخ-

شاش مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم بولغاندىن تاشقىرى، چەرچەن-گە كېلىپلا بۇجاينىڭ سۈيى مول، بوز يېرى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا پۇقرالارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بۇرۇن چوڭكۆل يېزىسىنىڭ بېشىغىچىلىك سۇ كېلىپ تۇرغان چوڭ ئۆستەڭنى كې-گەيتىپ چىقىپ، بۇ ئۆستەڭنىڭ ئايىغىنى تۇغراقلىق يېزىسىنىڭ چاتقىچىلىك ئېلىپ كېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭ ئىككى تە-رىپىدە كۆپلىگەن بوز يەر ئېچىلىپ يۇرت ئاۋاتلاشقان. مۇشۇ جەريانىدا لوڭ ئامبال چەرچەندىن بىرونەچچە قېتىم يۆتكىلىشكە توغرا كەلگەندە، يۇرت خەلقى يۇقىرىغا ئىلتىماس قىلىپ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئامبال بولغان. كېيىن ئاخىرى يۇقىرىدىن يۆت-كەپ كېتىپ، لوڭ ئامبالنىڭ ئورنىغا يېڭى دارىن دېگەن كى-شى ئامبال بولۇپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، پۇقرالار يۇقىرىغا ئىل-تىماس سۇنۇپ، ئۈرۈمچىگىچىلىك ئادەم بېرىپ، لوڭ ئامبال-نى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن لوڭ ئامبال ئىككى يىلدىن كېيىن چەرچەنگە كېلىپ يەنە 3 يىلدىن ئارتۇق ئام-بال بولغان. بۇ جەرياندا يەنە پۇقرالارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىل-گىرى توختىتىپ قويغان تۇغراقلىق چاتقىن باشلاپ ئۆس-تەڭ چېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆستەڭ ئايىغىنى ھازىرقى جان-داتېرىم كەنتىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆستەڭنىڭ 2 تەرىپىدىكى بوز يەرلەرنى پۇقرالارغا ئايرىپ بېرىپ كۆپلىگەن بوز يەر ئېچىلىپ، ھا-زىرقى باغئېرىق يېزىغا ئاساس سېلىنغان. «جاندا تېرىم» دېگەن نامنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا پۇقرالارغا بوز-يەر ئايرىپ بېرىش جەريانىدا سايىت ئىسىملىك كۆپ پەرزەن-تىلىك بىر پۇقرا چوڭى 15 ياش كىچىكى بىر ياش ئەتىراپىـ-

دىكى قىز ئوغۇل 9 ـ 10 دەك بالىلىرىنى ئېلىپ ئۆستەڭ بو-يىغا كېلىپ لوڭ ئامبالغا: «مېنىڭ بالىلىرىم كۆپ شۇڭا ماڭا كۆپرەك يەر بېرىڭ»دەپ تەلەپ قويغان. بۇچاغدا بۇنچىۋالا ئوش-شاق كۆپ بالىلىق كىشىنى كۆرگەن كىشىلەر: «بۇئادەم جاندا-دەك كۆپ بالىلىق ئىكەنغۇ» دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كەتكەن، ھەم بۇسايىت ئاكىغا كۆپرەك بوزيەر ئايرىپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ كىشى ئۆزبالىلىرى بىلەن ئورغۇن بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇقىلىغان، دېمەك، شۇندىن بۇيان شۇ سايىت ئاكام ئاچقان بوزيەر-لەرنى «جانداتېرىم»دەپ ئاتاپ تاكى ھازىرغىچىلىك بۇنام ئا-لاھىدە بىر كەنتنىڭ نامى بولماقتا. ھەم شۇ سايىت ئاكامنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادى ئۆز ئىسمىگە «جاندا»دېگەن لەقەمنى قوشۇپ قوللىنىپ كەلمەكتە.

لوڭ ئامبال چەرچەننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەق-قىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يېڭى جاڭ-گالساي قاتارلىق جايلاردا قاش تېشى بارلىقىنى بايقاپ، يۇنۇس ئاخۇن دېگەن بىر خۇيزۇبىلەن شېرىكلىشىپ، قاش تېشى كېنى بەرپا قىلىپ، قاش تېشى قازغان.

لوڭ ئامبال بىرىنچى قېتىم يۈتكىلىپ كەتكەندە بۇنىڭ ئورنىغا پېلڭ دارىن (پېلڭ فامىلىلىك) دېگەن كىشى ئامبال بو-لۇپ كېلىپ، ئومۇپۇقرالارنى باشلاپ يېڭى ئۆستەڭ يېزىدىغا سۇ باشلاپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئۆستەڭ چاپتۇرغان. ئۆستەڭنىڭ نا-مى تەبىئىي ھالدىلا «پېلڭ دارىن ئۆستىڭى»دەپ ئاتىلىپ قال-غان. كېيىن-كېيىن بۇنام ئۇنتۇلۇپ قېلىندى. پېلڭ دارىن يەنە چوڭكۆل يېزىدىكى ھازىرقى «ئامبال باغ» دېگەن جاينىمۇ بوز-

يەر ئۈستىگە دەرەخ تىكتۈرۈپ ئاۋات قىلغان.

لوك ئامبال 2 ـ قېتىم قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا لادارىن (ئەسلى ئۇيغۇر، يۇرتى ئاقسۇدىن. مەھەممەت بەگ) دېگەن كىشى كېلىپ ئامبال بولۇپ بىرەر يىلدىن كې- يىن قايتىپ كەتكەن.

لادارىننىڭ ئورنىغا ئادارىن (ئۇيغۇر، قەشقەرلىك بولۇپ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى بىلمىدىغان كىشى يوق) ئامبال بولۇپ ئۇمۇ بىرەر يىلدىن كېيىن كەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ياقۇپ بەگ (ئۇيغۇر، قەشقەرلىك) ئامبال بولۇپ، بۇمۇ بىرەر يىلدىن كې- يىن كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا خەندارىن (خۇيزۇ) ئامبال بولۇپ، بۇمۇ بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شوي دارىن (شويجىڭكو، خەنزۇ) دېگەن كىشى ئامبال بولۇپ، بۇ- كىشى ئەينى ۋاقىتتىدىكى ھۆكۈمەت بىناسىنى قايتىدىن ياساپ، خېلى كۆركەملىك قىلغان. بۇ بىنانىڭ «داتاڭ»دېگەن جاي- نىڭ ئۈستىگە ئۆز ئىسمىنى شوي جىڭكو دېگەن خەتنى يا- غاچقا يېزىپ قويغان بولۇپ، بۇياغاچ ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىۋېتىلدى. شوينىڭ ئورنىغا چەرچەننىڭ قازىسى كېرەم ئە- لەم دېگەن باشلىق بولۇپ 6 ئايغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ يانچۇق تومىلىغان، بۇنىڭ ئورنىغا خوتەندىن مەسۇم ھاجى داموللا دې- گەن كېلىپ ئۆزىنى ۋالى دەپ ئاتاپ، بىرەريىل ھۆكۈم سۈ- رۈپ، ساپ قىز-خوتون ئېلىش بىلەن چەرچەندىن كەتتى. مە- سۇم ھاجىدىن كېيىن ماخۇسەن ۋاقتى بولۇپ، لوك فامىلىلىك بىرخەنزۇ ئامبال بولۇپ كېلىپ بىرەريىل بولمايلا خوتەنگە قاي- تىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چەرچەنلىك ئالتۇن بېگى قۇربان

الا دېگەن شەنجاڭ بولۇپ بىرىسى ھۆكۈم سۈردى.
ئۇنىڭ ئورنىغا چەرچەنلىك نىياز دۆك دېگەن شەنجاڭ
ولۇپ ھەر ئىككىلىسى ماخۇسىنىڭگە ئالتۇن توپلاپ بېرىش بىلەن
ۆزيانچۇقىنى تولدۇرۇپ جاھاندىن ئۆتتى. نىياز دۆكنىڭ ئور-
نغا قەشقەرلىك ئۆمەرھاجى دېگەن كىشى شەنجاڭ، كېرىيەلىك
وسمان ئاخۇن دېگەن كىشى مۇئاۋىن شەنجاڭ بولۇپ تۇرغان-
ا ماخۇسەنلەر خوتەندە تارمار بولۇپ، بۇ ئىككى شەنجاڭنىڭ
ەسەي كىشىلىرى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىپ تۈگەتتى.
شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇش بىلەن چەرچەنگە شە-
رىپ ئىسمىلىك بىرئادەم شەنجاڭ بولغان، بۇئادەم ئۆزى تاش-
نى موڭغۇلىيەدە ئوقۇغان بولۇپ، روس، موڭغۇل تىلىغا ئۇستا
ئىكەن، مەزكۇرشېرىپ شەنجاڭ ئىشقا چۈشۈش بىلەنلا ماخۇسەن
ۋاقتىدا يېرىم كۈن خەنزۇچە ئوقۇيدىغان ئىككى سىنىپلىق 60
وقۇغۇچىنى يىغىپ، ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتۈلىدىغان پەننىي مەك-
ەپ بەرپا قىلىپ، بۇمەكتەپنىڭ مۇئەللىملىك ئىشلىرىنى باش-
قا ئىدارە-ئورۇنلاردىن ۋاقىتلىق مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ ھەل
بلغان. ھەممە چەرچەننىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
ىركىتى ئالدىدىن باشلاپ يول تۈزلەپ تاكى تاتراڭغا بارغ-
چىلىك ئارىلىقتىكى ئەگرى-توقايلىق يولنى ئۈدۈل قىلىپ تۈ-
زەپ، يول مۇساپىسى كۆپ دەرىجىدە قىسقارغان. شۇنداقلا ھا-
زىرقى ئايرودورومنىڭ ئائىلىلىكلەر قوروسى يېنىغىچىلىك بولغان
يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆپلىگەن قارا تېرەك تىكتۈرۈپ كۆپ-
لىگەن دەرەخزارلىق مەيدانىغا كېلىپ، بۇدەرەخلەرنى ئازادلىقتىن
كېيىنمۇ كىسىپ ئىشلەتتى. يەنە مەزكۇر شېرىپ شەنجاڭ ئىنى

ۋاقىتتا يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ھازىرقى ئايرودرومنى ئەس-
لىگە كەلتۈرگەن 40-، 41- يىللىرى چەرچەنگە ھەر قېتىم 2 يا-
كى 3 تىن بولۇپ 4 قېتىم ئايروپىلان قاتنىغان. ھەمدە مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان.
ھازىرقى خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ ئورنىدا تەخمىنەن 20
مو ئەتراپىدا بىر بۈك-باراقسان باغ بىنا قىلىپ، بۇنىڭ ئە-
چىگە بىر دانە ئېگىز كۆتەمە قىلىپ ئويۇن قويۇش سەھنىسى
سالغان. ھەم بىرلا ۋاقىتتا 8 ئادەم ئۇچالايدىغان چاقى پەلەك
ياسىتىپ، ئوقۇغۇچى ۋە باشقىلارنىڭ مەدەنى كۆڭۈل ئېچىش
ئىشلىرىغا شارائىت ياراتقان.

شىرىپ شەنجاڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى ئىشلەۋاتقاندا بىر كې-
چىدىلا يۇقىرىدىن شىڭشىسەينىڭ بىر گورۇپپا كىشىلىرى كېلىپ
چەرچەندىكى ئەمدارلەرنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئالغان-
دا شىرىپ شەنجاڭنىمۇ قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا چەرچەندىن يۈسۈپ شاڭزوڭ دېگەن بىرسىدىگەر-
نى شەنجاڭ قىلىپ بۇ ئادەمنىمۇ بىر يىلغا قالماي قولغا ئېلىپ
ئۈرۈمچىگە ئەكەتكەن.

يۈسۈپ شەنجاڭنىڭ ئورنىغا ئەينى چاغدىكى ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت كاتىپات بۆلۈم باشلىقى يىن دوڭپەن دېگەن شەرقىي
شىماللىق بىر خەنزۇ كىشى شەنجاڭ بولغان. بىر يىلغا قالماي بۇ-
نىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىن يەنگوچىڭ دېگەن خەنزو كىشى شەنجاڭ
بولۇپ كېلىپ چەرچەننىڭ سۇ ئىشلىرىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە
كۆرۈش، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى
قىلىۋاتقاندا، شىنجاڭغا گومىنداڭنىڭ تەسىرى كىرىپ خاچەنپاڭ

دېگەن كىشىنى يەنگوچىڭنىڭ ئورنىغا شەنجاڭ قىلىپ ئەۋەتكەن. ھەمدە شۇنىڭغا قوشۇپ ئۇرۇمچىدىن ئابدۇرېھىم روزى دېگەننى دۇئاۋىن شەنجاڭ قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ ۋاقىت شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئۇچقۇنلىرى تازا كۆچەيگەن بىر ۋاقىت بولۇپ، مەزكۇر خاچەنپاڭ شەنجاڭ: «چەرچەندە بىر توپىلاڭچىلار گۇرۇھى بار ئىكەن» دەپ يۇرتتىكى چوڭ ئاخۇن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى كۆپلەپ تۇتۇپ قولغا ئالغان. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «بىزنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرىمىزگە زەربە بېرىپ خاتا ئىش قىلىپسەن» دەپ، قارا شەھەر ۋالىسى زوشۇيىڭ ئارقىلىق خاچەنپاڭنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، 1946 - يىلىنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ ئورنىغا كورلىلىق سايىت ھاجىنى دېگەننى شەنجاڭ قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇ كۈنلەردە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختىتىپ 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغان بولۇپ 11 - ئايغا كەلگەندە بىتىم ماددىلىرى بويىچە باشقا ناھىيىلەرگە ئوخشاشلا چەرچەندىمۇ سايلام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قارا شەھەر ۋىلايىتىدىن باھاۋىدىن تۇرقى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى كېلىپ، ھاكىملارنى سايلاش ئېلىپ بېرىلغاندا چەرچەن خەلقى سايىت ھاجىنى ھاكىملىقتىن قالدۇرۇپ بۇنىڭ ئورنىغا بەختىيار ئابدۇرېھىم (بەختىيار ئابدۇرېھىم قەشقەرلىك بولۇپ، سودىگەر. 1941 - يىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان. يەرلىك كىشىلەر بەختىنى ئاخۇن پەرەڭ دېيىشىدۇ) نى ھاكىملىققا، نىياز بۇرھانىنى (چەرچەنلىك، ئىلگىرى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ

يېتىشكەن، سايلام ۋاقتىدا مائارىپ بۆلۈمىنىڭ كوچىكى ئەمدى) مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلانغان. 1947 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئەتىيازدا بەختى شەنجاڭ دەرھال بازار خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە بۇيرۇپ، چەرچەن بازىرىنىڭ ناھايىتى تار كوچىلىرىنى كېڭەيتىپ، رەستىلەرنى رەتلەپ چىقىپ پۈتۈن بازار كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېرىق ئالدۇرۇپ، رەتلىك قىلىپ دەرەخ تىكتۈرگەن ھەم سېلىنغان دەرەخلەرنى ھەر بىر ئائىلىلەرگە تۇتتۇرۇپ، ئەگەر قۇرۇتۇۋېتىپ قويۇلسا تۆلەش ۋە ئورنىغا دەرەخ تىكىشتىن تاشقىرى قۇرۇتۇلغان دەرەخنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ جازا قوللىنىلىدىغانلىقى ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتكۈل دەرەخ كۆكلەپ، چەرچەن بازىرى تارىخىدا تۇنجى قېتىم بوك - باراخسانلىق مەنزىرە بارلىققا كېلىپ شۇ ۋاقىتتا تىكىلگەن كۆپلىگەن دەرەخلەر ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلىگەن ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت، بەزى دەرەخلەر ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

1947 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىغا كەلگەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بەختى شەنجاڭنى ئىشەنچىسىز دەپ قاراپ، شەنجاڭلىقتىن قالدۇرۇپ ئورنىغا رىن جۇتەينى (شۇ ۋاقىتتىدا رىن پوسىلىنىڭ دەپ ئاتىلاتتى) شەنجاڭلىققا تىكلەپ، نىياز بۇرھاننى يەنىلا مۇئاۋىن ھاكىملىقتا قالدۇرغان. شۇندىن تارتىپ بۇ ئىككىلى كىشى (رىن جۇتەي بىلەن نىياز بۇرھان) تاكى 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان ۋە 1950 - يىلى 2 - ئايدا ناھىيىمىزگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ھاكىم بولۇپ كەلگەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ شەنجاڭلار چاقىلىق - چەر-

چەن يوللىرىنى ۋە چەرچەندىن ـ شوداڭغىچە ئارىلىقتىكى چەرچەن ـ كېرىيە يولىنى تۈزلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. (بۇ يوللاردا ماشىنا قاتنىمىدى).

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلگەندىن كېيىن 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭنىڭ 128 ـ لۈي 382 ـ تۇەن 3 ـ يىڭىغا قاراشلىق چەرچەندە تۇرۇشلۇق 9 ـ ليەندىكى «لو» فامىلىلىك بىر مۇئاۋىن ليەنجاڭ باشلىق بىر بۆلۈك جاھىللار گۇرۇھى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشىلىق قىلىپ، چەرچەننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا تەييارلانغاندا لى فامىلىلىك ليەنجاڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرماسلىقتا قانچە ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر جاھىللارنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، ئەھۋال جىددىيلەشكەندە لى ليەنجاڭ ئەھۋالنى شەنجاڭلارغا يەتكۈزگەن. بۇ ۋاقتىدا رىن جۇتەي بىلەن نىياز بۇرھانلار «ئەسكەرلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يىغىپ بەرسەك، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلمىسا» دېگەن ئىنكاسىنى بىلدۈرگەن. ئاخىر نەتىجىدە جاھىللار گۇرۇھى «چەكلىك مۇددەتتە ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرمىسە، جەزمەن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىمىز» دېگەن شەرتنى قويغانلىقتىن، يۇرت ئىچىدە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىش جىددىيلىكى يۈز بېرىپ، بەزى كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىش جەھەتتە ئاسماقتا چىقىش قاتارلىق ئازابلارغا ئۇچراپ، جاھىللارنىڭ شەرتى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، چەرچەن ناھىيىسى بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە باشقا ئاپەتلەردىن ساقلاپ قېلىنغان. ھېلىقى جاھىللار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن ليەنجاڭ ۋە بىر نەپەر پەيجاڭغا

1950 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كورلىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئېتىلدى.

مېنىڭ بىلىدىغان ۋە كۆرگەنلىرىمدىن باشقا يەنە ئازغىنە ئاڭلىغانلىرىم يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. مېنىڭ تۇتۇۋېلىش ۋە يېزىش قابىلىيىتىم چەكلىك بولغاچقا، يېزىلىش تەرتىپى ياخشى ياكى تولۇق بولمىغان بەزى جايلىرى كۆرۈلۈشتىن خالىي بولۇش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداشلارنىڭ بولۇپمۇ چەرچەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار پېشقەدەملەرنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى، تۈزىتىشىنى چىن قەلبىمدىن سورايمەن.

# ئۆتمۈشتىكى بۈگۈر ھاكىمىيىتى توغرىسىدا

ئەمەت ئىبراھىم، سۇلايمان بارات

## 1. بۈگۈر ناھىيىسىدىكى خەلق قوزغىلىڭى

1927 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە جىن شۇرېننىڭ دەۋرى بولۇپ، ياڭزېڭشىن (لوجاڭجۇن) تەختتىن چۈشۈپ شىنجاڭ تازىمۇ مالىمانچىلىق بولغان ۋاقىت ئىدى. جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ماخۇسەن، ماجۇڭيىڭلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى ۋە خوجا نىياز ھاجى قوماندانلىق قىلغان مىللىي زۇلۇمغا قارشى خەلقنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشلىرى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن ئېغىر قالايمىقانچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ تەسىرى ھەر قايسى جايلارغا كېڭەيدى، شۇ مەزگىللەردە بۈگۈر ناھىيىسى ئىچىدىن (بۈگۈر ناھىيىسى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ چوڭ تاش يول ناھىيە مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ). ماخۇسەن، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇ تەرەپ - بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بۈگۈر ناھىيىسىدىمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ سامان قەغەزدىن پۇل بېسىپ تارقىتىپ بازارلىق سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ئاشۇ خىل پۇلنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاپ كۆپلەپ سودىگەرلەردىن ماللارنى سېتىۋېلىپ 4-5 ئاي ئۆتكەندىن كې-

يېن قېچىپ كەتكەن. خەلقلەر بۇ خىل پۇلنى ئىشلىتەلمەي ئا-
خىرى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. خەلققە نۇرغۇن زىيانلارنى سالغان.
قۇمۇل خوجا نىيازهاجى قوماندانلىقىدىكى مىللىي زۇلۇمغا قار-
شى خەلــق قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ ئـۈرۈمــچى ۋە
تۇرپان تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېلى-
ۋاتىدۇ دېگەن خەۋەرلەر بۇگۈر ناھىيىسىگە تارقالغـاندا 1933 -
يىلى 11-ئايلاردا بۇگۈر ناھىيىسىنىڭ مەركىزىدىن 30 نەچچە كى-
لومېتىر يىراقلىقتىكى شەرق تەرەپتىكى يېڭىسار يېزىسىدىن نىياز
خەلپە (ئەسلى يۇرتى قۇمۇلدىن 50 ياش ئەتىراپىدا) زوڭمىراپ
نەمەتلەر بىر قىسىم پوالگانلارنى ئاساس قىلغان هالدا 200 دىن
ئارتۇق خـەلقـــنى قوزغاپ تەشكىللەپ بۇگۈر ئامبال ئوردىسىغا
هۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان. (شۇ ۋاقىتتا چېدىر يـــېزىسىدىن
ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن ياقۇپ پولگان، بەكرى،
مەمتىمىز ئېلى ئاقساقاللار باشچىلىقىدا 45 نەپەردەك پـــولگانلار
تەشكىللىنىپ ئاتلىق كېلىپ قوشۇلۇپ) بۇلار كېچىسى مەخپى
هالدا بۇگۈرگە يۈرۈش قىلغان، ئۇلار چوڭ يول بىلەن ماڭ-
ماستىن تاغ ياقىلاپ سايلىق بىلەن يوشۇرۇن هالدا مېڭىپ
ئۆتەڭ مەھەللىسىدىكى قومۇللۇق نىياز دارىـن دېگەن كىشىنىڭ
جايىغا كېلىپ مەسلىھەتلىشىپ، بۇگۈر بازار ئىچىدىكى بىر قى-
سىم كىشىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، يامۇلغا ئەلچى ئادەم ئەۋەتكەن.
نىياز خەلپە، نەمەت مىراپلار قوشۇنلارنى باشلاپ بۇگۈر شەھەر
ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن. ئامبال قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپلىكى-
دىن قورقۇپ كېتىپ، هەم قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ يوقلىقى-
دىن ئۆزى باش بولۇپ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى بۇتخانىغا

يەققان. شۇ ئارىلىقتا قوزغىلاڭچى قوشۇنلار كىلىپ ياڭيېكتاڭ شەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 17 ئــەمەلدارنى بىراقلا هالاك قىلغان.

شۇ ۋاقىتتا خەلقلەرنىڭ ئاشـۇ شەنجاڭغا بولغان ئۆچمەنـلىكىنىڭ كۈچلۈكلىكى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم سودا-سېتىق بىلـەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەنزۇ پۇقرالارمۇ شۇ قېتىمقى ۋەقەلەر-دە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، بەزى خەنزۇ باللىرى ئاتا-ئانىسىـدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغاندا دادولان يېزىسى يېڭىباغ مەھەل-لىسى ۋە لاپا مەھەللىسىدىكى ئابدىراخمان هاجى، دۆلەت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر بىر نەچچە يېتىم بالىلارنى بالا قـىلىپ بې-قىپ چوڭ قىلغان، بەزى قىزلارنى ئوغۇللىرىغا، ئۇرۇق تۇغقانـلىرىنىڭ ئوغۇل باللىرىغا نىكاھ قىلدۇرۇپ كىلىن قىلىۋالغان، بەزىلىرىنى كېيىن ئۇرۇق تۇغقانلىرى كېلىپ كۆپ رەهـــمەت ئېيتىپ ئېلىپ كەتكەن.

نىياز خەلپىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى بۈگۈرنى ئىشغال قىلىپ هاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ مەھەممەت قاسىم (ناداردىن، نادەيجو دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن كىشىنى هاكىم قىلىپ بەلگىلەپ هەر بىر يېزىدىن سېلىق سېلىپ 300 گە يېقىن ياش ۋە ئوتـتۇرا ياشلارنى تەشكىللەپ قوغداش ئەترىتى قىلـىپ قـۇرۇپ، هاكىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كۈچـاغا يۈرۈش قىلىپ، ماجوڭيىڭـنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشقان. ماجوڭيىڭنىڭ كاڭمـەزە دې-گەن فۇگۇەنى نىياز خەلپىنى — «سەن بۈگۈردە خۇيـزۇلارنى بۇلاپسەن» دېگەن بەتنام سۆز بىلەن ئۇنى كوچاردا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان. نەتىجىدە نىياز خەلپىنىڭ قوشۇنلىرى تارمار بولۇپ ماجۇڭـيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بۈگۈرگە قايتا بېسىپ كىرىپ هـاكىم مە-

ھەممەت قاسىمنىڭ ھاكىملىق ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاپ ئورنى-
غا ماسۇڭيى دېگەن خۇيزۇ كىشىنى ھاكىم قىلغان. ئارلىقتىن
ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇللۇق خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئارقا سەپ
قوشۇنلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ خۇيزۇ ئەسكەرلىرىنى جەنۇبىي شىن-
جاڭ تەرەپكە قارىتىپ قوغلاپ مېڭىپ بۆگۈرگە كەلگەندە خۇي-
زۇ شەنجاڭ ماسۇڭيىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ نىياز دارىن
(قۇمۇللۇق) نى ھاكىم قىلىپ بەلگىلىگەن. 1934 - يىلى 4 -
ئايدا شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي توختام
ئىمزالىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە قورال كۈچىگە
تايىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىنى باس-
تۇرۇپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەنگە قەدەر بۆگۈر ناھىيىسىدە
ھاكىمىيەت دائىم ئۆزگىرىپ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ پاراكەندى-
چىلىك دائىم بولۇپ تۇرغان. شىڭشىسەي تەختكە چىققاندىن
كېيىن ھاكىملارنى مۇقىملاپ گوڭئەنجۈي ئىدارىسى قۇردى.

## 2 _ شىڭشىسەينىڭ بۆگۈر ناھىيىسىدىكى خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئەھۋالى

شىڭشىسەي ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان
ئالدامچى، ساختىپەز جاللات بولۇپ، كۆرۈنۈشتە سوۋېت ئىتتىپاقى
ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ سوۋېت ھۆكۈمىتى-
نىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى
تارتىۋېلىپ ئۆزىنى «دۇبەن» دەپ ئاتىۋالدى. ئۇ، ئۆز ھا-
كىمىيىتىنى ساقلاش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنى

قۇردى. جۇملىدىن بۈگۈر ناھىيىسىدىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدا-
رىسىنى قۇرۇپ، خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تۇرپانلىق تۇردى ئىسىملىك-
كىشىنى جۇيجاڭ قىلىپ بەلگىلىدى. جۇيجاڭدىن باشقا، دۇسا، شۆگەن،
دۇسايۈەن، كۆيجى، خۇجى (نوپۇس ئىشخانا مەسئۇلى) خوجى
يۈەن قاتارلىقلار گۇڭئەنجۈنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. يەنە گۇڭئەنجۈيدە 25 ئەتىراپىدا قوغداش ساقچى-
لىرى بولۇپ كېچە - كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ گۇڭئەنجۈ دەرۋازىسى
ئالدىدا پوستا تۇراتتى. 1942 - يىلىغىچە گۇڭئەنجۈي دەپ ئا-
تالدى. 1943-يىلى ھاكىمىيەت گومىنداڭغا ئۆتۈپ، ساقچى ئىدارىسى
قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1934 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە بۈگۈر
ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈيدە تۇردى، سۇتەنشى، جاڭچاڭلو، نۇر،
جاۋجاجۈن قاتارلىقلار جۇيجاڭ بولدى. بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېڭى-
سار، چېدىر يېزىلىرىدا پەيچۇسولار قۇرۇلدى.

شىڭشىسەينىڭ تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى ھەممىلا جايدا
كۈچەيدى، ھەم كەسكىنلەشتى. ئاۋۇت قازى، ئابلاخان باي،
ئەلابەگ، ھوشۇر خۇيجاڭلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۈرۈمچى تۈرمى-
سىگە ئاپىرىپ سولىدى. بۇلاردىن ھوشۇر خويجاڭ ئۈرۈمچى تۈر-
مىسىدە 3 يىل قاملىپ قايتىپ كەلدى. قالغانلىرىنى ئۈرۈم-
چى تۈرمىسىدە شىڭشىسەي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئىدارە، مەكتەپ، جەمئىيەت، شەھەر،
يېزىلارنى دائىم تەكشۈرۈپ قاتتىق كونترول قىلاتتى. يولۇچى-
لارنى قاتتىق سوراقتە قىلىپ تەكشۈرەتتى. ھەممە ئورۇنلار-
دا گۇڭئەنجۈنىڭ مەخپىي خادىملىرى، مەخپىي خەۋەرچىلىرى
بار بولۇپ، بۇلار ئىغۋاسۆزلەر قىلغۇچى، قىمار ئوينىغۇچى، نەشە-ئەپيون

چەككۈچى ۋە نەشە ساتقۇچىلار، خىيانەتچىلەر ئۈستىدىن خە-
ۋەر بېرىپ تۇراتتى. بۇ خەۋەرچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەخپىي
ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىملارنى گۇڭئەنجۈي بەلگىلەپ بەرگەن.
خەۋەر يازغۇچىلار مەخپىي خەۋەرلىرىدە ئۆزىنىڭ مەخپىي ئىس-
مىنى يازاتتى. مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش تۈزۈملىرى ئور-
نىتىلغان، شىڭشىسەي دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى
گۇڭئەن ئورگانلىرىدا مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ
يول ماڭغۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ رازۋېتكا قىلاتتى. يولۇ-
چىلارنى تىزىملاپ يول خېتى كېسىپ بېرىلگەندە يول خېتىگە
مەخپىي بەلگە قويۇلغان. گۇمانلىق ئادەم دەپ قارالغان ھەم
گۇڭئەن ئورنىدا ئىمنى (مەسىلىسى) بار دەپ قارالغان كىشىلەر-
نىڭ يول خېتىگە خەنزۇچە 行 (شىڭ) دېگەن تامغا بېسىلاتتى.
بۇخىل يول خېتى بىلەن ماڭغۇچىلار ھەر قانداق بىر جايغا
بارسا گۇڭئەن ئورۇنلىرىدىن رازۋېتكا قىلىش ئۈچۈن ئارقىسىغا
يوشۇرۇن ئادەم سېلىپ قوياتتى. يول خېتىگە 通 - (توڭ) دېگەن
تامغا بېسىلسا بۇخىل كىشىلەر قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلە-
رى دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى. بۇنداق كىشىلەرنىمۇ قاتتىق تەكشۈرەتتى.

گۇڭئەنجۈي خادىملىرىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى بولۇپ، ئۇن-
ۋانى ئۈرۈمچى باش گۇڭئەنجۈيدىن تارقىتىپ بېرەتتى. ھەم
قىشلىق - يازلىق بىر يۈرۈش كىيىملىرىنى ھۆكۈمەت تارقىتىپ
بېرەتتى. ساقچى خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى يېرىم مۇئاش بو-
لۇپ، يېرىمىغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ھەقسىز ئاشلىق بېرەتتى.

# پوچتا ۋە ئۈنىڭ قامال قىلىنىشى

شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار قاتتىق كونترول قىلىنغان. بۇگۇر پوچتىخانىدا بىرنەچچە دانە ئات بولۇپ خەت - چەكلەرنى پوچتالىيون ئاتلىق توشۇيتتى.

پەيچۈسونىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۇچا تەرەپتىن كەلگەن خەتنى كورلىغا، كورلا تەرەپتىن كەلگەن خەتنى كۇچارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. خەت-چەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ خەت ئالاقىسى بولۇپ خەلقنىڭ شەخسى خەت-چەكلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇ مەزگىللەردە گۇڭئەنجۈي ھەممە ئورۇنلاردىن يۇقىرى، ھوقۇقى چوڭ ئىدى. پوچتىخانىغا سېلىنغان ھەر قانداق ھۆكۈمەت ئالاقىسى، شەخسلەرنىڭ خېتىنى گۇڭئەنجۈي كونۋېرتىنى ئېچىپ كۆرۈپ تامغا باسقاندىن كېيىن پېچەتلەپ ماڭدۇراتتى. كەلگەن خەتلەرنى پوچتىچى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن گۇڭئەنجۈيدىن ئادەم بېرىپ ئېچىپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تارقىتىپ بېرەتتى. بىكىن بۇ ئىشلار ناھايىتى مەخپىي بولغاچقا باشقىلار سېزىشۋالالمايتتى. گۇڭئەن خادىملىرىنى بەلگىلەش، يۆتكەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆلكىلىك باش گۇڭئەنجۈيدىن بەلگىلەيتتى.

1943 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بۇگۇر جىڭساجۈيدە جۈيجاڭ بولغانلار شاۋرۇڭ، خەنزىچىڭ، ئاجىيو (ئابدۇراخمان) گۆەنفو (توختى بەگ) بايىز ئابدۇللا ئىدى. گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ساقچىلارنىڭ ھەر خىل يامان ھەرىكەتلىرى تېخى-

مۇ ئەۋج ئېلىپ خەلقلەر جىڭساجۇي خادىملىرىنى «قارا ئىتلار» دەپ تىللايدىغان بولدى.

ساقچىلار ئىستىلدا تېخىمۇ چىرىكلىشىپ قىمار ئويناش، نەشە، ئەپيۇن چېكىش، پارىخورلۇق، ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تېگىش تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندى.

### 3 ـ شىنجاڭ ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئويۇشمىنىڭ بۇگۇردىكى تەسىرى ۋە بۇگۇر ئۇيغۇر ئويۇشمىسى

شىڭشىسەي شىنجاڭدا ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن 1934 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئويۇشما قۇرۇلغان، بۇ ئويۇشمىنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى ھىمايە قىلىش، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، ماركسىزملىق ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇنىڭ تەسىرى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە تېز كېڭەيدى. خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. جۈملىدىن بۇگۇر ناھىيىسىدىمۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدى. ناھىيىمىزدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەشكىلى قۇرۇلمىغان بولسىمۇ ئۇيغۇر ئويۇشما ئاكتىپ ھالدا ماسلىشىپ خىزمەت ـ پائالىيەتلەرنى قانات يايـ

دۇردى. بۈگۈردە ئۇيغۇر ئويۇنشما 1935 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ-
نى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇ-
نىڭ ئىشائىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللى مەدەنىيىتىنى
تەرەققى قىلدۇرۇپ، مىللەتنى جاھالەتتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇ-
تۇلدۇرۇش، مەدەنى - مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئۇنى تەرەققى قىل-
دۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇر
ئويۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى ھەر دائىم شەھەر - يېزىلار-
دا تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئويۇشما تەشكىل
قىلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ياپون جاھانگىرلىكى-
نىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىنى ئۇنىڭ 3 يوقىتىش سىيا-
سىتى، يەنى بۇلاپ يوقىتىش، ئوت قويۇپ يوقىتىش، ئۆلتۈ-
رۈپ يوقىتىش قاتارلىق چېكىدىن ئاشقان ۋەھشى جىنايىتىنى
درامما، كومېدىيە قويۇش، ھەجۋى سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى
ئېچىش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىپ،
خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتىكى روھىنى
قوزغاشقا ئىلھام بەرگەنىدى. شىڭ شىسەي ئىككى يۈزلىمىلىك
ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ 1943 - يىلى گومىنداڭنىڭ قويىنىغا
ئۆزىنى ئاتقاندا قەدەر ئاساسي تەشۋىقات - تەرغىباتنىڭ مۇھىم
ئۇقتىنسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ خىزمىتىنى
كۈچەيتىشكە قارىتىلغانىدى.

1943 - يىل گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بۆگۈر فىرقىسى
قۇرۇلغاندىن كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىنىڭ
ئورنىغا دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان ئامېرىكا،
ئەنگلىيىنى دوستىمىز دېيدىغان تەشۋىقاتنى باشلىۋەتتى. 1949-

يېڭى گومىنداڭ ـ جاڭ جىشى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر جاھانگىرلارنى دوست دېيىشكە مەجبۇرلاپ، ئۇنىڭغا نارازى بولغۇچىلارغا ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قارا چاپلاپ قاتتىق زەربە بەردى.

ئۇيغۇر ئويۇشما باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى، چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ـ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئويۇشمىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، كاتىپ، مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈم، مالىيە بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم، بوغالتىر، كاسسىر، ئامبارچى (زاپخوز)، ئىشچى بولۇپ جەمئىي 10 — 15 نەپەردەك ئويۇشما شىتاتىدىكى مائاشلىق خادىملار بار ئىدى. ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ئىدارە ـ جەمئىيەتتىكى مىللىي كادىرلار، سازچىلاردىن تەركىپ تاپقان سەنئەت دۆيلىرى دىراما، كومېدىيە، سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ سەھنە كىتابلىرىنى ئۆلكىلىك ئويۇشمىدىن ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئۇنى ئارتىسلار رېپىتىس قىلىپ تەييارلاپ سەھنىلەشتۈرەتتى. ئويۇشمىدا ئىجرائىيە ھەيئەت بولۇپ ئۇنىڭ تەركىبىدە بايلار، ئاخۇنلار، بەگلەر بار ئىدى. ئايدا بىر قېتىم يىغىن ئاچاتتى. ئويۇشمىنىڭ ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىنى قارار قىلاتتى. ئويۇشمىنى يەنىلا فېئوداللار مونوپول قىلىۋالغان. تەرەققىپەرۋەرلەر بىلەن مۇتەئەسسىپلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. ئاقارتىش ئويۇشما دېگەن نام جاھالەت ۋېيۇسكىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى مۇنداق 4 تەرەپتىن يىغىلاتتى. ①ئۆشرە، ② زاكات،

③ئويۇشمىغا تەۋە ۋەخپىسى يەر ئىجارىسى، ④قۇربانلىق قىلغان قوي - ئۆچكە تېرىسى ۋە ئۈچەيلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن تۇپلانغان راسخوت يۇشمىغا قاراشلىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋە قوشۇمچە راسخوتىغا، ئويۇشما خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋە راسخوتىغا ھەم قۇرۇلۇش خىراجىتى قاتارلىقلارغا سەرپ قىلىناتتى.

## 5 - گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بۈگۈردىكى فىرقىسىنىڭ ئەھۋالى

1943 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئاشكارىلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە گومىنداڭ فىرقىسى قۇرۇلدى، بۈگۈر ناھىيىسىدە 1943 - يىلى بۈگۈر جىڭساجۇينىڭ جۇيجاڭى جاۋجاجۇن كۈچاغا يىغىنغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۈگۈر جىڭساجۇي ئىدارىسىدە ھەر قايسى ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنى چاقىرىپ، يىغىن روھىنى يەتكۈزۈپ، كۈچادا ناھىيىلىك فىرقا قۇرۇلغانلىقىنى بۈگۈردە رايونلۇق فىرقا قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ بۈگۈر رايونلۇق فىرقىنىڭ ۋاقىتلىق شۇجىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇ يىغىننىڭ ئۆزىدىلا 25 نەپەردەك كىشىگە گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئانكېتىنى تارقىتىپ بەردى. شۇنداقلا شۇ ئورۇندىلا ھۆكۈمەت، ئۇيغۇر ئويۇشما، مال دوختۇرخانىسى، ناھىيىلىك جىڭساجۇيدە رايونلۇق فىرقا تەش-

كەلىنى قوروپ كاتىپ، شۇجەلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ھەپتىدە 2 كۈن يىغىلىپ سەنئەت جۈيىنى ئۆگە-نىش يولغا قويۇلدى. ئەتىگەندە ئىشقا چۈشكەندە دۆلەت بايرى-قى چىقىرىش، دۆلەت بايرىقىغا تازىم قىلىش، دۆلەت شېئىرى ئوقۇش ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەسكەرتىش: (بۈگۈر ناھىيىسى 1944-يىلىغىچە مەمۇرىي جەھەتتە قاراشەھەر ۋىلايىتىگە، سىياسىي جەھەتتە قانۇن ئورۇنلىرى كۇچا شەنداڭبۇسىغا قارايتتى. جاۋ جاجۇننى كۇچا شەنداڭبۇسى بۈگۈرگە رايونلۇق فىرقا شۇجىسى قىلىپ ئەۋەتتى. 1943 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىدىن تولۇق دېلۇنى شۇجىچاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنى ئەۋەتكەندىن كېيىن بۈگۈر ناھىيىلىك فىرقا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ تەشكىلىدە بىر شۇجىجاڭ، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە تەرجىمان، خەۋەرچى قاتارلىق خادىملار تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك فىرقا قۇرۇلغاندىن كېيىن دائىرىسى كېڭىيىپ ناھى-يە بويىچە 4 ئورۇندا رايونلۇق فىرقا تەشكىل بولدى. ھەربىر رايونلۇق فىرقىغا قاراشلىق ئەككىدىن رايونلۇق تارماق بۆ-لۈم (چۈي فېڭبۇ) قۇرۇلدى. ئىدارە، جەمئىيەت، ئوقۇتقۇچىلار، شەھەر ئاھالىسىدىن گومىنداڭغا ئەزا بولغانلار ھەر ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك فىرقا زالىغا يىغىلىپ سۇن جۇڭسەن ئە-پەندىنىڭ رەسىمىگە باش كېيىمنى ئېلىۋېتىپ 3 مىنۇت سۈكۈت-تە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. شۇنداقلا سۇن جۇڭسەن ئە-پەندىنىڭ ۋەسىيىتىنى يىغىن رەئىسى جۈملىمۇ - جۈملە ئو-قۇيتتى، يىغىلىشقا قاتناشقۇچىلار ئەگىشىپ ئوقۇيتتى. شۇ ۋا-قىتتىكى سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ مەزمۇنى:

ھەن مەللىي ئىنقىلاب ئۈچۈن 40 يىل تىرىشتىم، ئىنقىلاب غەلىبە قىلمىدى. 40 يىللىق تەجرىبەمدە، دۇنيادا بىزلەرنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرگۈچىلەر بىلەن بىرلىشىشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر بىلدىم، تىرىشىپ ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىڭلار» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ داۋاملىشىپ كۈندۈلۈك مەشغۇلاتقا ئايلانغان كۈن تەرتىپكە كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ خاتىرىلەش يىغىنىدا بىرلەشتۈرۈپ گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلەپ، ماركسىزمغا ئەگەشمەسلىك، كوممۇنىزمدا كىشىلەردە خۇسۇسىي مۈلۈك بولمايدۇ. ئەرلەر ئاياللارغا ئىگە بولالمايدۇ. ماركسىزمچىلار ھەر قانداق دىننى يوق قىلىدۇ دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى تەرغىب قىلاتتى. سوتسىيالىزمنى يامان كۆرسىتەتتى. بۇنىڭغا ماسلىشىپ ئاخۇنلار سۆز قىلىپ دىنىي ۋە دىنىي ئەخلاق ھەققىدە تەشۋىق قىلاتتى. يىغىن ئاخىرىدا گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق رەسمىيەت يوق، ئىسمىنى يېزىپ قول باسسىلا كۇپايە قىلاتتى. ھەتتا سىرتتىن ئىسمىنى يېزىپلا ئانكىت تولدۇرۇپ ئەزا قوبۇل قىلاتتى. سانىنى ئاساس قىلاتتى. 1946 - يىلغىچە گومىنداڭ فىرقىسى ئۆز رولىنى بىرقەدەر جارى قىلدۇرسىمۇ 1946 - يىلدىن كېيىن بۇ فىرقا قۇرۇق پانۇسقا ئايلىنىپ قالدى. ناھىيىلىك فىرقا ئىدارىلىرىنىڭ مائاشى توختاپ قېلىپ، ئۇلار قوشۇمچە مەكتەپ ۋە باشقا ئورۇنلاردا مائاش ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈردى.

1946 - 1947 - يىللىرى ناھىيىلىك فىرقىدا شۇجىچىلىك بولغانلار: لى جاڭجا، تۇڭ دېيلۇ، غۇلامجان (غۇلامجاننىڭ خەن-

زۇچە ئىسمى گۈزەيمى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان بولۇپ، 1949 - يىلى ئەيسا، مەمتىمىنلەر بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن)، كېرەم سايىت (خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. ھازىر يېڭىساردا بار)، قېيۇم سادىق (ھازىر قاراشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە. 1948 - يىلدىن كېيىن تا ئازاد بولغانغا قەدەر شۇجىجاڭ بولغان.)

# ياقۇپ بەگ كورلىدا

مەخمۇتجان ئاسىم

ياقۇپ بەگ كۇچار تەرەپتىن كېلىپ كورلىنى قارشىلىقسىز ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ چاغدا توخسۇن، تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ماناس قاتارلىق شەھەرلەردە خىيزۇلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگەلەپ تۇراتتى. قارا شەھەردە موڭغۇللار ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ئىدى. ياقۇپ بەگ چېگرا مەسىلىسىدە خىيزۇ ئاقساقاللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ خىشۇت تەۋەسىدىكى ئۇششاقتالنى چېگرا لىنىيەسى قىلىشقا قوشۇلدى.

ياقۇپ بەگ كورلا، قارا شەھەر، بۈگۈر، يېڭىسار، چېدىر قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن بۇ جايلارنى بىر ئۆلكە قىلىپ ئايرىپ كورلىنى «قەشقەرىيە» دۆلىتىگە قاراشلىق ئۆلكە مەركىزى قىلدى. ئەنجانلىق بابادارخامۇ دېگەن ئادەمنى ھاكىم قىلدى. ھېكىمخان تۆرىنى ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

ياقۇپ بەگ كورلىنىڭ سايباغدا ئولتۇرۇشلۇق ئىرمەتنىڭ دادىسى تۇخسۇۋا كورلىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، كورلىنى سورىغان ئىدى. توخسۇۋا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھاكىم دېگەن سۆز.

ياقۇپ بەگ ئوردىسىنى قەشقەردە تىكلىدى. ئاقسۇدىمۇ تىكلىدى. ئۇنىڭ كورلىدىكى ئوردىسى سايباغدىكى غەزنە دېگەن جايدا ئىدى. كورلىغا كەلسىلا شۇ يەردە تۇراتتى. كورلىغا شۇ يەردە تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ ئىشغال قىلى-

خانلىقى شەھەرلەردە ھاشار ئېلىپ خەلققە زۇلۇم قىلىپ سېپىل سالدۇردى. چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگنى قەشقەردە ئۆزىنىڭ ئور - نىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى تولاراق كورلىدا تۇردى. ئا- رىدا 10 يىلچە ئۆتۈپ كورلىدىمۇ سېپىل سالدۇردى. 1877 - يىلى 22 - 23 - يانۋار كۈنلىرى كىروپاتكىن بىلەن مۇشۇ جايدا سۆھبەتلەشتى. كىروپاتكىن « قەشقەرىيە » ناملىق دوك- لاتنىڭ بىر قىسمىنى كورلىدا تۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلەپ ياز - غان.

شۇنىڭدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ياقۇپ بەگ خوتەن ھا - كىمى نىياز ھاكىم دەگنى خوتەن خەزىنىسىدىكى پىششىق مال ( ئالتۇن - كۈمۈش ) لەرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئادەم ماڭغۇزغان. ياقۇپ بەگ ئۆلۈش ئالدىدا نىياز ھاكىم بەگ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى.

ياقۇپ بەگ كورلىدىكى مەزگىلىدە كورلا خەلقىنىڭ قان - تەرىنى، ئېلىكىنى شوراپ كورلا خەلقىنى ۋەيران قىلدى. ئۇ- نىڭ كورلىدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، كورلا خەلقىنى زار قاقشاتتى، خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلدى.

شۇ مەزگىلدە ئىچكىرىدە داخۇر، شوخۇر دېگەن خۇيزۇ - لارنىڭ باشچىلىقىدا توپىلاڭ چىققان بولۇپ، ئۇلار يۇننەنى بېسىۋېلىپ، شەنشى، گەنسۇنى قالايمىقان قىلغان ئىدى. بەي - ياڭخۇ باشچىلىقىدىمۇ توپىلاڭ چىققان ئىدى. مانجۇ خانلىقى زوزۇڭتاڭنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتكەندە. داخۇر - شوخۇرلار شىنجاڭ تەرەپكە قېچىپ چىققان. بەيياڭخۇ يېتەكلىگەن قوشۇن قارا شەھەرنىڭ خۇجۇلۇق تەرىپ-

كە، لوپنۇرنىڭ قارا قۇم تەرىپىگە ئورۇنلاشقان. بەيياڭخۇ زو-زۇڭتاڭ قىسىملىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلگەن. ليۇ جىنتاڭ بەيياڭخۇ-نىڭ جەسىتىنى سۇرۇشتۇرگەندە خۇيزۇلار باشقا بىر جەسەتنى بېرىپ بەيياڭخۇنىڭ جەسىتىنى يوشۇرۇپ كورلىغا ئەكىلىپ « قۇم شەيدۇللا » غا يوپۇق يېپىپ دەپنە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر « قۇم شەيدۇللا مازىرىم » دەپ ئاتىلىپ كەل-مەكتە. ئۇ ئادەم شياۋ فاڭنىڭ چوڭ ئىشانى ئىكەن.

ياقۇپ بەگ ئەنە شۇ چاغلاردا كورلىدا بولۇپ 60 ياش-تىن ئاشقان. ئۇنىڭ سول پۇتى قىسقا بولۇپ ئاقساقتەك ما-ڭاتتى.

ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىدا ئۇزاق تۇ-رالمىدى. تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناستىكى خۇيزۇلار ئۆزلىرى قوشۇلغان كېلىشىمدىكى ئورتاق چېگرىدا ھۆرمەت قىلىشنى خا-لىماي قارا شەھەر ۋە كورلىغا ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىن كۇ-چارغا ھۇجۇم قىلدى.

ئاقسۇ ھاكىمى ھېكىمخان تۆرە خۇيزۇلارنىڭ ھەرىكىتى-دىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەردىكى ياقۇپ بەگكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۆزىمۇ لەشكەر توپلاپ، كۇچاردىن 18 چاقىرىم كېلىدىغان ئۈچ قارا دېگەن يەردە خۇيزۇلار بىلەن بىر قېتىم جەڭ قىلىدۇ. خۇيزۇلار غەلىبە قىلىدۇ. ھېكىمخان تۆرىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ كۇچارغا بېسىپ كىرىپ شەھەرنى بۇلىغانىنىڭ ئۈستىگە شەھەر-لەرگە ئوت قويۇپ، ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. خۇيزۇلار ئۇزاق تۇرماستىن كۆپ قىسمى يۇرتلىرىغا قاي-تىدۇ. بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئۇلار ياقۇپ بەگنىڭ

تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن «قەشقەرىيە» نىڭ ئۆزلىرى بېسىۋالغان شەھەرلىرىگە يەرلىك خەلقتىن ئۆزىگە ياردىغان كىشىلەرنى ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ. ھېكىمخان تۆرىنىڭ قېشىغا ياقۇپ بەگ كېلىپ جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن مىرزا ئەخمەت پەرمانىچى ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇل بەگنى كۇچارغا خۇيزۇلارغا قارشى ئەۋەتىلىدىغان قوشۇننىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇلار باي ناھىيىسىنىڭ يېنىدا خۇيزۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي جەڭ تۈنجى قېتىم ئاقسۇدىن كۇچارغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى قوش تام كەنتىگە يېقىن يەردە بولىدۇ. خۇيزۇلار مەغلۇپ بولىدۇ. ياقۇپ بەگ كۇچارنى قايتىدىن ئىگىلەيدۇ. ئاللا يار بەگنى كۇچارنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەيدۇ. خۇيزۇلار چېكىنىپ قارا شەھەردە توختاپ، ياقۇپ بەگكە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر تىپلاشقا كىرىشىدۇ. 2 - قېتىملىق جەڭ كورلا بىلەن قارا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىزىلىدە بولىدۇ. ياقۇپ بەگ 500 ئەسكىرىدىن ئايرىلىدۇ.

ياقۇپ بەگ كورلىغا كېلىپ خۇيزۇلارنىڭ قايتا ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يېڭى ھەربىي تەييارلىققا كىرىشىدۇ.

# ئازادلىق ھارپىسىدا لوپنۇردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئەسلىمە

غۇپۇر ياقۇپ

1949 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيەسىنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازادلىققا ئې-
رىشتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گارنىزون قوماندانى
تاۋسىيۆ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى قاتارلىق-
لار 25 - 26 - سېنتەبىردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋى-
تىنى ئۈزۈپ، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھ-
بەرلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ تۈپ ئارزۇسىغا ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن
ئىدى. شۇڭا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى خۇشاللىق بى-
لەن تەنتەنە قىلىۋاتقان بىر پەيتتە گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدى-
كى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار قاراشەھەردە
تۇرۇشلۇق 128 - لۈيىنىڭ باشلىقى جوڭ زويىڭ، ماچىڭشاڭلارغا
قوشۇلۇپ، چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن قاراشەھەر، بۈگۈر،
كورلا، لوپنۇردىكى قوشۇن ئىچىدە ئەكسىيەتچىلىك مەيدانىدىن
ۋاز كەچمىگەن بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەر «سۇنى لېيىتىپ بې-
لىق تۇتماقچى» بولۇپ قاراشەھەر، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا
خەلقنى بۇلاپ، ئوت قويۇپ، قان تۆكۈش ئارقىلىق ئۆز نەپ-

سىنى قاندۇرماقچى بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. مانا دەل مۇشۇ مەزگىلدە 383 - تۈەننىڭ لوپنۇردا تۇرۇشلۇق 50 كىشىلىك قوشۇنى جەم ياتمىدى. ئۇلار مىلتىق، پىلىموتلىرىدا ئوت ئېچىپ ھەيۋە قىلىش، تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ زورلۇق بىلەن بىر قىسىم مال، چارۋا، يامبۇ قاتارلىقلارنى ئېلىپ تويماس تەپسىنى قاندۇردى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە مەن قورچاق مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ، نەق مەيداندا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن، كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئەينەن بايان قىلىمەن. قېپقالغان جايلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى سورايمەن.

## لوپنۇر خەلقىنىڭ ئۈمىدى

1921 - يىلىدىن باشلاپ تارىم دەرياسى يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ كۆنچى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ناھىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى قۇرغاقچىلىققا، كۆنچى دەريا بويلىرى سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋەيران بولۇش، تۇرمۇشتا ئاچ - يالىڭاچلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ ھەر خىل سېلىقلىرى تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ دات - پەريادى پەلەككە يەتكەنلىكتىن خەلق بىر ئازاد زامانغا تەشنا ئىدى.

1949 - يىلى سېنتەبىر ئاخىرلىرىدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازادلىققا ئېرىشىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكەنلىكى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋالغا

يۈز تۇتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ **خۇش** - خەۋەرنى ئاڭلىغان لوپنۇر خەلقى خۇشال بولۇشۇپ، كۈتكەن ئۈمىدىگە يېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېز يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

## گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ يولسىزلىقى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچە سائەت بىردە ئىشىكىمنى قاتتىق ئۇرۇپ چاقىرغان بىر كىشىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، كېيىن ئىشىككە چىقىپ ناھىيىلىك قورچاق جىڭچاجۈينىڭ جۇجاڭى ئەزىمەت بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن ئۇ دوكلات قىلىپ مۇنۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى: «كورلىدىن ئېلىنغان ئىشەنچلىك خەۋەرگە قارىغاندا، كورلىدىكى 382 - تۈەنىنىڭ 2 - يىڭى ئەچچىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش مەسىلىسى غۇلغۇلا بولۇۋېتىپتۇ. 29 - كۈنلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. بىزنىڭ ناھىيىمىزدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ يېقىندىن بېرى كورلىغا بېرىپ كېلىش، خەۋەرلىشىش ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە قانداق تەدبىر قوللىنىش مەسىلىسىنى ئىزدىنىپ ھاكىم ئەپەندى ۋاھىدىنىڭ يېنىغا بارسام ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن. مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىپ مېنى ۋاقىپلاندۇرساڭلار سىلەرنىڭ قارارىڭلارغا قوشۇلىمەن» دېدى، «شۇڭا سىلىنىڭ قېشىلىرىغا كەلدىم» دېدى. ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ:

① ھازىرقى سائەتتىن باشلاپ تاڭ ئاتقۇچە شەھەر ئىچىدىكى ۋە شەھەرگە يېقىن ئەتىراپتىكى خەلقلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قولغا يېقىن نەرسىلىرىنى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ پانالىق جايدا قوغدىنىشى، ② جەڭساھەسىدىكى ئەسكەرلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ قورالنى ئىشەنچلىك كىشىلەرگە تۇتقۇزۇش، ئېھتىياجغا قاراپ خەلق ئىچىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەر بولسا قوبۇل قىلىپ ياردەملەشتۈرۈش، خەۋەرلىشىش ئىشىنى كۈچەيتىش، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ بۇلاڭ-تالاڭچىلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشى، ئەگەر گومىنداڭ قوشۇنى گازارمىدىن چىقىپ بۇلاڭچىلىق قىلغىلى ئورۇنسا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇش بىلەن خەلقنى قوغداش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ③ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئىككى كۈنگىچە 10 — 15 كىشىلىك قوغدىنىش دۈيىنى تەشكىللەپ خەلق ئىچىدە پاياۋانلارنى تاللاپ، تەشكىللەپ، قوراللاندۇرۇپ ئاتلىق يۈرۈپ يېزىلارنى سەييارە قوغداش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قارار قىلىپ ھاكىم ئىمىن ۋاھىدىنىڭ ماقۇللىقى ئېلىندى. دەل شۇ كېچىدە خەلققە خەۋەر قىلىپ تاڭ ئاتقىچە شەھەر بوشۇتۇلدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ چېرىكلىرىدىن بەش ئاتلىق ئادەم چىقىپ ئاتلىق يۈرۈپ شەھەر ۋە شەھەر ئەتىراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ، شەھەرنىڭ قۇرۇقلىنىپ قالغانلىقىنى، ناھىيىنىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، ئۆگزىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە پوس قويۇپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپكە كېلىپ پىلىموت - مىلتىقلىرىدىن ھەي-

ۋە ئوقلىرىنى ئېتىپ تەھدىت سېلىپ ئۆزىنىڭ ئەپتى - بەشە-
رىسىنى ئاشكارىلىدى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىمىن ۋاھىدىنىڭ ياتىقىدا ئول-
تۇرساق لى پەيجاڭ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ
پوپوزا قىلىپ «ھازىر ساقچى ئىدارىسى دەرۋازىلىرىنى تاقاپ
ھەر تەرەپكە پوس قويۇپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپتۇ، بۇ كىم-
گە قارىتا قىلىنغان مۇداپىئە؟ بۇ مۇداپىئەنىڭ مەقسىتى نېمە؟
شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقلەر شەھەرنى بوشۇتۇپ
قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ساقچى ئىدارىسىنىڭ
مۇداپىئەسى بىزگە قارىتىلغان ئەمەسمۇ؟ خەلقنىڭ قېچىپ كېتى-
شى بىزدىن گۇمانلانغانلىق ئەمەسمۇ؟ بىز ساقچى ئىدارىسىنى
ئىككى قول گىرانىتى بىلەن تۈپ - تۈز قىلىۋېتىمىز. ئىمىن
يامىنىغا كەلسە خەلقنى قاچقان يېرىدىن تاپالايمىز» دېدى. بىز
ئۇنىڭغا: سىلەر دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئارمىيىسى بولۇپ دۆلەتنى،
خەلقنى قوغداش ۋەزىپەڭلار بار، دەپ تەربىيە بەردۇق.

لى پەيجاڭ ئۈمىدسىزلىنىپ ساقچى ئىدارە باشلىقى ئەزىمەتنى
تىللاپ، ھاقارەتلەپ چىقىپ كەتتى. لى پەيجاڭنىڭ نىيىتىنىڭ
بۇزۇقلۇقى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى، شۇڭا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت
يېزىدىكى خەلقلەرنىڭ بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە
قىلىپ، ئون ئاتلىق قوراللىق كىشىنى تەشكىللەپ، ياڭپولەكنىڭ
باشچىلىقىدا ئۆزىنى قوغداش خىزمىتىگە كىرىشتۈردى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھاكىم ئىمىن ۋا-
ھىدى مېنى چاقىرىپ «مەن كورلىغا بېرىپ ۋەزىيەتنى كۆزد -
تىپ كېلەي، سىز ئىدارىدىن ئايرىلماي تۇرۇڭ» دەپ تاپىلاپ

كورلىغا كىتىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىك-
كى نەپەر كادىر، 4 - 5 نەپەر بەنشالىق قالغان بولۇپ، قالغان
كىشىلەر بالا - چاقىلىرىنى يىراق جايلارغا ئاپىرىپ ئورۇنلاش-
تۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىدى. مەن ناھىيىلىك ھۆكۈ -
مەتتە قونۇپ خىزمەت بېجىرىشكە توغرا كەلدى. 10 - ئاينىڭ
3 - كۈنى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپىسى كەچ سائەت 6 دەلى
پەيچاڭ (شىنجاڭلىق ئۇيغۇرچە بىلىدۇ) كىرىپ «ھازىر ئەسكەر-
لىرىم مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار سىرتقا
چىقىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئوت قويۇپ ئۇچرىغاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ
ئۆزىمىزگە ئېتىقاد تۇپلايمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. «مەن چارىسىز
قېلىپ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن» دەپ مەسىلىنى ئەس-
كەرلەرگە ئىتتىرىپ ئۆزىنى ياخشىچاق كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.
مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قان تۆ-
كۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھازىر بىز كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلى-
كىگە ئۆتكەن تۇرساق نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ
مەقسىتى نېمە؟ ئۇلار مەقسىتىنى ئۇچۇق قويسۇن. ھەر قانداق
مەسىلە بولسا گەپ سۆز بىلەن ھەل قىلساق بولىدۇ. ئۇلار مەق-
سىتىنى ئېيتماي بۇلاڭ - تالاڭ قىلسا قان تۆكۈلسە ئازادلىق
ئارمىيە كەلگەندە جاۋاب قىلىشقا تەس بولار، سىز چىقىپ ئەس-
كەرلەرگە تەربىيە بېرىڭ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ دې-
سەم، «ئۇلار مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلىمىدى، ھازىرمۇ ھامان ئاڭ-
لىمايدۇ» دەپ پاسسىپ پوزىتسىيە قوللاندى. مەن يەنە مۇنداق
دېدىم: ئەسكەرلەر سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلىمىسا، ئۇلاردىن
ئۈچ نەپەر ۋەكىل سايلاپ بۇ يەرگە كىرگۈزۈڭ، ئۇلارنىڭ مەق-

سىتىنى ئاڭلاپ باقايلى، دېگەن پىكىرىمنى ئاڭلاپ ماقۇل بولۇپ چىقىپ كەتتى.

## مېنىڭ ئىدىيەمدىكى ئەندىشە

1) باش ھاكىم كورلىغا كەتكەن، سەنبېيخۇيىنىڭ يىغىجاڭى بالا - چاقىلىرى بىلەن جاڭگالدا تۇرسا، ساقچى ئىدارە باشلىقى مۇداپىئە خىزمىتىدىن ئايرىلالمىسا، ھۆكۈمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرى ئىدارىدە بولمىسا، مۇشۇنداق بىر يامان شارائىتتا، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇۋاتسا، مەن يالغۇز قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئەسكەر ۋەكىللىرى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزگەندە ئۇلارغا قۇرۇق گەپ خوش ياقمايدۇ، ئۇلار پۇل - دۇنيا ئېلىشتا چىڭ تۇرىشى تۇرغان گەپ، يەنە ئۇلار پۇل - دۇنيانى ھازىر ئالىمىز دەپ شەرت قويسا ئۇلارغا پۇل - مال تەييارلاپ بەرسەم كېيىنكى كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ بۇلاڭچى قوشۇنلىرىدىنى پۇل، مال بىلەن باقتى دېگەن قالپاق ماڭا كەيدۈرۈلۈپ قالارمۇ؟ ئەسكەرلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىمىسام ئۇلار خەلقنى بۇلاپ قان تۆكۈلسە بۇ تېخىمۇ چوڭ مەسىلە بولمامدۇ؟

2) ئەگەر ئەھۋال ئوڭۇشلۇق بولمىسا مەنمۇ ئۆزەمنى قوغداپ سىرتقا چىقىپ كەتسەم بولارمىكىن، دېگەن خىيال بىلەن بىر نەپەر بەنشاڭغا بەش ئاتار مىلتىقتى ئەللىك تال ئوق بىلەن بېرىپ ئىككى ئات تۇتۇپ تەييار تۇرۇشنى تاپشۇردۇم. يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت كادىرى خالىق موسانى جىڭساجۈي جۈيجاڭى ئەزىمەتنى ۋاقىپلاندۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ كې-

لىشكە ئەۋەتتىم. ھۆكۈمەت كاتىپى ۋاڭ گوزۇ ئەككى ئات تو-
قۇپ قويغاننى بىلىپ ماڭا «سىز ھازىرقى يامان پەيتتە سىرتقا
چىقماڭ، سىرتقا چىقىپ كەتسىڭىز بۇ ئەسكەرلەر بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىپ قويسا بۇ يامان ئاقىۋەت بولىدۇ» دېدى. خالىق دوساكې-
لىپ ئەزىمەت جۈيجاڭنىڭ مۇنۇ مەسلىھەتىنى يەتكۈزدى: ھاكىم
سىرتقا چىقماي چوڭ يۈرەكلىك بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزسۇن، ئۇ-
لارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ نېمىنى تەلەپ قىلسا ئورۇنداپ بېرىش-
كە ماقۇل بولسۇن، ئەگەر سىرتقا چىقىپ كەتسە، يۇرت ئىگىسىز
قالىدۇ، بۇ ئەسكەرلەر بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قان تۆكۈلۈپ قال-
سا ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ».

ھەقىقەتەن ھازىر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن مەنىلا
بولۇپ، مەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۆزەمنىلا قوغدۇغۇنۇم بىلەن
ئەسكەرلەر خەلقنى بۇلاپ ئوت قويسا قان تۆكۈلسە بۇنىڭ جا-
ۋابكارلىقىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەت-
تى. ئەزىمەت، ۋاڭ گوزۇلارنىڭ مەسلىھەتىنىڭ توغرىلىقىنى تو-
نۇپ يەتتىم، ئاخىرى سىرتقا چىقىپ كېتىش خىيالىمدىن ۋازكې-
چىپ قانچىلىك قىيىنچىلىق تارتسامۇ ئىمكان بار خەلقنى بۇ-
لاڭ - تالاڭچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلەر بىلەن تەن-
پەن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلاندىم. كەچ سائەت 9 دا لىپەيجاڭ بى-
لەن يەتتە نەپەر كىشى تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە يېتىپ كەلدى. تەن-
پەن ئىمىن ۋاھىدىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەن ئەسلىدە
ئۈچ نەپەر ئەسكەر ۋەكىلى كېلىدۇ، ئۇلار بىلەن تەنپەن ئۆت-
كۈزۈپ ئۇلارنىڭ تەلىپى نېمە ئىكەنى بىلىپ، بۇلارنىڭ ئالدىنى
ئالارمىز، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەھۋال ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى.

خۇددى ئۇرۇش ئۇستىگە باردىغاندەك لى پەيجاڭدىن باشقا ئالتە نە-
پەر ئەسكەر ئاپتوماتلىق لى پەيجاڭنىڭ يېنىدا كانادا تاپانچىسى
بار هالدا كېلىپ تەنپەن ئۆينىڭ ئىشىكىدە ئىككى نەپەر، ئىككى
نەرىپىدە بىردىن ئىككى نەپەر ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. ئۆيگە لى
پەيجاڭ بىلەن ئىككى كىشى جەمئىي ئۈچ كىشى بولۇپ تەنپەنگە قاتناش-
تى. بىز تەرەپتىن مەندىن باشقا كىشىنىڭ قاتنىشىشى چەكلەن-
دى. شۇ ۋاقىتتا ئەزىمەت جۇيجاڭنى تەرجىمانلىق قىلىشقا چا-
قىرتاي دېسەم، لى پەيجاڭ تەرەپنى تۇرۇپ «ئۇ قاراقچىنى چاقىر-
مايلى، مەن تەرجىمە قىلىپ بېرىمەن» دەپ چەكلىدى، دېمەكچى-
نى بۇ ئۆيگە قاماپ ئالدى. تەنپەن باشلانغاندا ئالدى بىلەن
مەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدىم: 25- ۋە 26 - سېنتەبىردە تاۋ-
سىيۇ بىلەن بۇرهان شەھىدى گومىنداڭ هۆكۈمىتى بىلەن مۇنا-
سىۋەتنى ئۈزۈپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى جاكار-
لىغانلىقىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، هازىر سىلەرمۇ گومىنداڭ ئار-
مىيىسى ئەمەس، بەلكى كومپارتىيىنىڭ ئارمىيىسى بولۇپ قالدىڭ-
لار، بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ قانداق پىكىر - تەلەپلىرىڭ-
لار بار بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار. بۇ ۋاقىتتا لى پەيجاڭنىڭ چىراي-
لىرى ئۆچكەن هالدا مېنىڭ سۆزۈمنى تولۇق تەرجىمە قىلمايلا
سىپاپ تۈگەتتى. ئارقىدىن بىر قارا چوقۇر بەنجاڭ بىزگە ۋەز-
نەسىھەتنىڭ لازىمى يوق، بىزگە 500 قوي، 300 كالا، 100 ئات،
100 ياەبۇ، 100 تاختا چاي قاتارلىقلارنى ئەتە ئەتىگەن سا-
ئەت 10 دا تاپشۇرۇشۇڭ لازىم. بۇ ۋاقىت ئىچىدە تاپشۇرمىساڭ
قولىمىزدىكى بۇ قورالغا (ئاپتوماتنى كۆرسىتىپ) تايىنىپ ئۆزى-
مىز بىلگەننى قىلىمىز. ئۇ ۋاقىتتا سەن شەنجاڭمۇ ساق قالماي-

سەن دەپ تەھدىت سالدى. بۇلارغا ناھىيىمىزنىڭ يېزىلىرى تارقاق، ئۇ، ناھىيىگە 170 كىلومېتىردىن 200 كىلومېتىرغىچە يېراق، چارۋىچىلار تېخىمۇ تارقاق، قاتناش قولايسىز، مانا مۇنداق ئەھۋالدا بۈگۈن كېچىلەپ ئات، كالا، قوي، يامبۇ قاتارلىقلارنى يىغىپ ئەتە سائەت 10 دا تاپشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يوق. بۇنىڭغا مۇۋاپىق ۋاقىت بەلگىلىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن . بۇ تەلەپ بەك يۇقىرى، ناھىيە خەلقلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلايلى، دېگەن سۆز ئاخىرلاشقىچە يەنە بىر بەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ، ساڭا يۇقىرا كېرەكمۇ- ئەمەسمۇ دەپ زەھەرلىنى چېچىپ يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋەتتى. دەسلەپكى بۇ ھاقارەت ماڭا قاتتىق روھى زەربە بولدى. لېكىن بوشاشماستىن تاقەت قىلىپ ۋاقىتنى ئۇزارتىش، بۇيرۇقلارنى قىسقارتىشتا چىڭ تۇردۇم. ئۇلار «سىلەردىن ئالىدىغان بۇ نەرسىلەرنى بىز ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاسانلا تولدۇرۇپ ئالىمىز، ئامالىمىزمۇ بار، بۇ تەنپەننى يىغىشتۇرۇپ ئۆزىمىز بىلگەننى قىلايلى، سىلەرمۇ تەلىيىڭلاردىن كۆرۈڭلار» دەپ تېخىمۇ ۋەھشى قىياپىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. لى پەيجاڭ مېنىڭ سۆزلىرىمنى تولۇق تەرجىمە قىلماي ئەسكەرلەرنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان تىل - ھاقارەتنىلا تەرجىمە قىلدى.

نۇرغۇن تالاش تارتىشتىن كېيىن تاڭغا يېقىن قالغاندا 300 قوي، 150 كالا، 50 ئات، 50 يامبۇ، 50 تاختا چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دا ئەسكەرگازارمىسىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇش، ئەگەر مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە تاپشۇرۇلمىسا بارلىق ئاقىۋەتلەرگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل

بولىدىغانلىقىنى توختام قىلىپ پۈتۈشتۇق.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن هاكىم ئىمىن ۋاھىدى كورلىدىن قايتىپ كەلدى. تەنپەن ئەھۋالىنى ئىمىن ۋاھىدىگە دوكلات قىلدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: « ھازىر كورلىدا هاكىم قادىر تاھىرى بىلەن مەخسۇت ئەلەم هاجىمنى يېڭىسۇغا قاماپ قويۇپتۇ، مۇئاۋىن هاكىم داۋۇت ھېمىت يېزىلاردىن ئالتۇن، كۆمۈش يىغىۋېتىپتۇ، كورلا بەك قالايمىقانچىلىق ۋە ئەنسىزلىكتە ئىكەن. بىزمۇ بۇ يەردىكى ئەسكەرلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن بىر قىسىم نەرسە - كېرەك بېرىپ بۇلاڭ - تالاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاپ كەلگەنىدىم، بۇ توختامدىكى نەرسىلەر مېنىڭ ئويلىغانلىرىمدىن ئاز ئىكەن، بۇنى دەرھال يېتىپ ئۆتكۈزۈپ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالايلى » دېدى. سەنپەنخۇيجاڭى غۇلامىدىن ئەيسانى خادا دۆڭدىن چاقىرتىپ كېلىپ ھال سوراش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ھال سوراش ھەيئىتى ئارقىلىق بۇيۇملار ئەسكەرلەرگە تەقدىم قىلىنىدىغان بولدى. 10 - ئاينىڭ 7 - 8 - كۈنلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توختامدىكى 300 قوي، 150 كالا، 50 ئات، 50 يامبۇ، 50 تاختا چاي قاتارلىق نەرسىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ ھال سوراش ئارقىلىق بۇلاڭ - تالاڭ، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

## شەھەرنى ئىككىنچى قېتىم بوشۇتۇش

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى لوپنۇردىكى گومىنداڭ قوشۇنى لوپنۇردىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ خەلق ئى-

شەنچ تۇرغۇزالماي بىر قىسىملىرى قايتىپ كەلدى. يەنە بىر قىسىملىرى جاھاننىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان 75 - تۈمەننىڭ 2 - يېڭى ۋاڭ پەيجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە لوپنۇرغا كېلىپ ئورۇن - لاشتى. ۋاڭ پەيجاڭ مۇنۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇردى: بىز يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن لوپنۇرغا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن يېتىپ كەلدۇق. « پەيچاندا تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ بىر لىيەنى ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى رەت قىلىپ ئەكسىيەتچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ پەيچاننىڭ ھاكىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئاقسۇدىكى ئۆز تۈمەنگە بېرىش ئۈچۈن كۆمۈشكە كەلگەندە قارا شەھەر، كورلىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، قۇرۇق تاغقا چىقىپ كارۋان يولى بىلەن لوپنۇرغا كېلىپ ئاقسۇغا ئۆتمەكچى بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ قاچاق قوشۇننىڭ نىيىتى يامان، شۇڭا بۇ قاچاقلارنى لوپنۇردىن تىنچ ئۆتكۈزۈپ خەلقنى قوغداش، ئەگەر ئۇلار خەلققە زىيان سالماقچى بولسا دەرھال ئۇلارنى يوقۇتۇپ خەلقنى قوغداپ قېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كەلدۇق، بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ ياردەم بېرىپ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز » دېدى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 1) خەلقنى قوغداش ئۈچۈن شەھەردىكى خەلقنى سىرتقا چىقىرىپ، شەھەرنى بوشۇتۇش لازىم، چۈنكى بۇ قاچاقلار يامان نىيىتىدىن يانماي خەلقنى بۇلاش - تالاش ئىشلىرىنى تەكرار - لىسا، بىز ئۇلارغا قايتا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن ھەربىي تەدبىر قوللىنىمىز. 2) بۇ كېلىۋاتقان قاچاق قو-

شۇنىڭ ئالدىدا ئادەم ئەۋەتىپ ئاشلىق، گۆش، ياغ، مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ھال سوراش ئارقىلىق ئۇلارنى يامان نىيىتىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، تىنچ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۈندەش، ئۇلار شەھەرگە كەلگەندە چۈشىدىغان ئورۇن، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بېرىش. 3) ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە خەلق ئاممىسى ھەمكارلىشىپ خەۋەرلىشىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2 - يىگىنىڭ جەڭچىلىرىنى يوشۇرۇش ئۆيى ۋە ئاكوپلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىنىشىگە ياردەم بېرىلدى. ئاشلىق، ياغ، گۆش، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ساي چەكىدە قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، ناھىيە شەھىرىگە باشلاپ كېلىنىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈلدى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندە جەڭگە كىرگەن قىياپەتتە كىرىپ كەلدى. مەكتەپكە چۈشۈپلا گومىنداڭنىڭ بايرىقىنى چىقىرىپ سەنمىنجۇيى شېئىرىنى ئوقۇپ ئەكسىيەتچىلىك مەيدانىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ئىپادىسىنى بىلدۈردى. ئۇلارغا كېرەك بولغان ئوتۇن، گۈرۈچ، گۆش، ياغ قاتارلىقلار يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بىر كېچە قونۇپ كورلىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تەلەپى بويىچە 15 ھارۋا بېرىپ كورلىغا يەتكۈزۈپ قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا خەلق خاتىرجەم بولۇپ تىنىق ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشتى.

## تىكەنلىكتە بۇلاڭچىلىق يۈز بەردى

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا قالى بېك قاچاقلىرى چەت ئەلگە قېچىپ ماڭغاندا لوپنۇر ناھىيىسىگە

تەۋە شىڭدى تېغى ئارقىلىق تىيانشان تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ تىكەنلىك رايونىنىڭ 20 كىلومېتىر شىمالىدىكى قۇم دەريا بويلاپ چاقىلىق تەۋەسىگە ئۆتۈشتە قالى بېكىنىڭ 13 ئاتلىق قوراللىق كىشىلىرى تىكەنلىك بازىرىغا بېسىپ كىرىپ گومىڭدەن پەيچۇسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئاندىن خەلقنى بۇلىماقچى بولغان. بۇ 13 ئاتلىق قوراللىق باندىتلارنىڭ تىكەنلىككە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئالغان شاڭجاڭ، جۇجاڭلار بۇ خەۋەرنى گومىڭدەن پەيچۇسىغا مەلۇم قىلغان. مۇشۇ مەزگىلدە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇجاڭى ئەزىمەت، مۇئاۋىن جۇجاڭى تاھىر ئەخمەتلەر تىكەنلىكتە بولۇپ بۇلار پەيچۇسىدا يېتىپ ئىچىپ، يېزا-كەنت باشلىقلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ بۇلاڭچىلارغا قارشى تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان. باندىتلار بازارغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ تاراقلاندۇرغاندىن كېيىن ئىككى نەپەر ئاتلىق باندىت پەيچۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاققان، دەرۋازا ئېچىلمىغاندىن كېيىن، دەرۋازا بېشىغا ئېسىلغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا ئوق ئېتىپ قايتىپ بېرىپ، پەيچۇسىنى بۇلاپ قورالنى تارتىۋېلىش مەقسىدىگە يېتەلمەي، باش مەھەللىگە بېرىپ خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، ئەزىمەت جۇجاڭ قوراللىق ساقچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ باندىتلارغا قايتۇرما زەربە بەرگەن.

ئۇلار بىلەن يېرىم كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن باندىتلارنىڭ بىر ئېتى ئۆلۈپ بىر كىشىسى يارىدار بولغاندىن كېيىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئەزىمەت جۇجاڭ بىر تەرەپتىن باند-

تلار بىلەن ئېلىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيىلىك ھۆكۈ-
مەتكە مەلۇمات يوللاپ، ياردەم ئۈچۈن قوراللىق قوشۇن ئەۋە-
تىشنى تەلەپ قىلغان. بىز ناھىيىدىن 12 نەپەر قوراللىق ساق-
چىنى تەشكىللەپ تىكەنلىككە يولغا سېلىش بىلەن تەڭ بۇ ئەھ-
ۋالنى ۋالىي مەھكىمىسى، ئازادلىق ئارمىيە 6 - شىسىگە مە-
لۇم قىلدۇق. ئازادلىق ئارمىيىدىن بىر قىسىم قوشۇن ئەۋەتىپ
باندىتلارنى تازىلاپ تىكەنلىك خەلقلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى
تەلەپ قىلدۇق. بىزنىڭ تەلىپىمىزگە ئاساسەن يۇقىرىدىن 2
نەپەر كوممۇنىست جاۋداۋيۈەن كېلىپ، لوپنۇردا تۇرۇۋاتقان
ھەقىقەتكە ئۆتكەن 750 - تۈمەننىڭ 2 - يىڭنىنى ماشىنا بىلەن
تىكەنلىككە ئېلىپ بېرىپ، باندىتلارنى تازىلاپ تىكەنلىك خەلقى-
نى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى. تىكەنلىك خەلقلىرى خوشال
بولۇشۇپ، بىزنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەن ئازادلىق ئارمىيە
ياشىسۇن، دېيىشتى.

ناھىيىنىڭ باش ھاكىمى ئىمىن ۋاھىدى تىكەنلىكنىڭ سۇ
غىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىمەن، دەپ تىكەنلىككە كەت-
كەندى. ئۇ ناھىيىدىن سەنيىخۇيجاڭى غۇلامىدىن ئەيسا، ساقچى
باشلىقلىرىدىن ئەزىمەت قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ كەتكەن.
ئۇلار تىكەنلىككە بېرىپ ئىمىن ۋاھىدى كۆك ئالادىكى ئائىلى-
سىگە ئۆتۈپ كەتكەن، ئەزىمەت جۇجاڭ تىكەنلىك بازىرىدا
پەيچۇسودا قالغان، مەن 2 - كۈنى، قازاق باندىتلىرى تىكەن-
لىكنى بۇلاپ پاراكەندىچىلىك سېلىش جەريانىدا ئىمىن ۋاھىدى
كۆك ئالادىن ئاتلىنىپ كانۋايى ئەيسانى ئېلىپ ئىسمايىل تۆ-
مۈرگە يول باشلىتىپ قالى بىك تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى

ھەققىدە يازغان ئەزىمەت جۇجاڭنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن بۇ
ئەھۋالنى دەرھال ۋالى مەھكىمىسىگە دوكلات قىلدىم. ۋالى مەھكىمە-
سىنىڭ مېنىڭ ۋاقىتلىق باش ھاكىملىق ۋەزىپە ئۆتۈشۈم توغرى-
سىدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن خىزمەت ئورنۇمدا چىڭ تۇرۇپ
پۈتۈن ناھىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە يېتەكچىلىك قىلىپ
تۇردۇم.

# 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايىنبۇلاق رايونىدىكى پائالىيەتلىرىدىن پارچىلار

تيەن دوجۇ

موللاخۇن روزى تەرجىمىسى

1944 - يىلى ئىچكى تاشقى ۋەزىيەت شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىگە پايدىلىق زور ئۆزگىرىش ياسىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئىنقىلاب جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغارلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشى غەلىبىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت خەلقىنىڭ ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي، مەنىۋى، ماددىي جەھەتلەردە بەرگەن ياردىمى بىلەن پارتلىغان گومىنداڭغا قارشى كۈرەش بولۇپ، ئېلىمىز يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

بايىنبۇلاق رايونى تيانشاننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ھەربىيلەر تالىشىدىغان مۇھىم جاي ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي

تايانچبازىلارنى ئېچىش ھەم مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، باينبۇلاق را-
يونىدىن ئىبارەت قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بۇتاغرايونىنى تەبىئىي
توساق قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، باينبۇلاقتىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام
زاتلار گومىنداڭغا قارشى ئىدى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغان-
دىن كېيىن، ئۇلار گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زادى چىداپ
تۇرالماستىن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا پائال يېقىنلاشتى؛ 3 ۋىلايەت-
نىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنى ئالغا راۋاجلان-
دۇرۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت ئېھتىياجى ئۈچۈن، باينبۇ-
لاقتىكى بۇ بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام زاتلارغا پائال تۈردە يې-
قىنلىشىش ئۇچۇرىنى بەردى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغاندىن كېيىن، باينبۇلاقتا
ئەكس سادا قوزغىدى، گومىنداڭنىڭ باينبۇلاقتىكى پېيچۇسى
( سوجاڭ جۇ جىڭلۇي، شەرقىي شىماللىق ) دىن 8 - 9 ساقچى
ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ كېچىلەپ خېجىڭ ناھى-
يىسىگە بېرىپ مەلۇمات بەردى. مانچىڭجاپ خاننىڭ خوتۇنى ۋۇ
جىڭبىن بىلەن قارا شەھەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي-
سى جى فىڭلۇ دەرھال بىر ليەن ئەسكىرى كۈچنى تەشكىللەپ،
ئورۇپشە ليەنجاڭ ۋە ساڭگىجى شۇنگۈەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، دا-
لىن داۋانغا ئەۋەتتى. ئۇلار ھازىرقى باينبۇلاق رايونىدىكى
باينغول يېزا ناكىستاي ئۇلان خادىدا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، خېجىڭ ناھىيىسى شەلىمىر، زاۋسۇر، ساتىڭ، كىرەت، با-
رىن، دۇنۇر قاتارلىق 6 قەبىلىدىن 3 يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئاج-
رىتىپ ئۆزىنى قوغداش تۈەنى تەشكىللىدى، بۇلارنىڭ ئاتلىرى

ئورۇق، ھەلتەقلەرى كونا، قالاق ئىدى. داھباگوزدى بىلەن زودۇپ گۆزدى بۇلارنى تاللاشقا ۋە تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى، تۆەنچاگلىقنى لى نىيەنداۋا ئۈستىگە ئالدى، قارىمىقىدا 2 لىيەن ۋە بىر ئارقا سەپ ترانسپورت دۈيى قۇرۇلدى. بىرىنچى لىيەننىڭ لىيەنجاڭى باسىڭ (ئازادلىقتىن كېيىن بايىنبۇلاق رايونىغا رايون باشلىقى بولغان) ئىككىنچى لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئورۇپشىن، ھەربىي تەمىنات مەسئۇلى چىڭ غورۇپ ئىدى. ۋۇ جىڭبىن ئەسكەرلەرگە: «تاغدىكى موكىغۇللار بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىرلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، بايىنبۇلاقنى تۇراقلاشتۇرۇپ 3 ۋىلايەت كۈچلەرىنىڭ خېچىڭغا قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار» دەپ تاپىلىغان. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ قىسىم خېچىڭدىن يولغا چىقىپ ئۆلان خاشىر، ساغانئۇر داۋان ئارقىلىق كىچىك بۇرۇستايغا بېرىپ 3 ۋىلايەتنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتتى.

بۇ قوشۇن تۇرغان يەر ئەينى ۋاقىتتا كېلىماتى قاتتىق سوغۇق، ئەسكەرلەر يوشۇرۇنىدىغان جاي يەنى شامالدىن ساقلىنىدىغان ئازگال جاي ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى 3 ۋىلايەت دائىرىلىرى 10 نەچچە ئاق ئورۇس، قازاقلاردىن تەركىپ تاپقان بىر كىچىك قىسىمىنى بايىنغولغا ئەۋەتكەن. شۇ يەردە جاھىزەي ئىسىملىك بىر زاڭزۇ بايىنىڭ سۈمۈلىدىكى بىر تۈركۈم ياشلارنى تەشكىللەپ كىچىك قىسىمغا ماسلىشىپ، ئورۇپشىن لىيەنىدىكى كومادىر - ئەسكەرلەرنىڭ ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ لىيەننىڭ بارلىق ئاتلىرىنى ئوغرىلىقچە ھەيدەپ كېتىدۇ. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، كىچىك قىسىمى

ئۇلان خادا ئېگىزلىكىنى كونترول قىلىۋالغاچقا، ئۇرۇپچىن لىيەن-
جاڭ ئوت كۈچى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرالماي ئېغىر چىقىم
تارتىدۇ، ھەممىسى پارچىلىنىپ تەسلىم بولىدۇ.

ئىنقىلابىي كۈچلەر بىر يولىلا ئۇلان داۋاننى ئىشغال قى-
لىدۇ، پەقەت باتمە، دۆشلا خېجىگغا قېچىپ كېلىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جامەي بىراقلا بايىنبۇلاق رايونىدا
تەسىرى بار ھەربىي ھۆكۈمەت باشچىلىرىغا ئايلاندى. (جامەي
يەنى كېيىنكى شەنجاڭ چاگزىت ئەسلىدە شىزاڭ جېبا ئىبادەتخا-
نىسىنىڭ بىر مانجىسى بولۇپ، 1932 - يىلى تاگغوت لاملار بى-
لەن بايىنبۇلاققا كېلىپ بۇددا دىنى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللان-
غان، تاگغوت لاملارنىڭ مۇتىۋەللىسى بولغان، 10 نەچچە يىللىق
ھاكىمىيەت بىلەن دىننىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ تەسىرى ئاستى-
دا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرلىك موڭغۇل ئايال گارما بىلەن توي
قىلغانلىقتىن جامەينىڭ يەرلىك موڭغۇل چارۋىچىلار ئارىسىدا
بىر قەدەر يۇقىرىراق ئابرويى بار ئىدى).

بۇ ۋاقىتتا، كۆنەس ناھىيىسىدىن ئىكتىن دېگەن بىر ئاق
ئورۇس (ئۆزگىرىپ كەتكەن مىللەت) 3 ۋىلايەتنىڭ بىرلىيەن ئەس-
كىرىي كۈچىنى يېتەكلەپ بايىنبۇلاققا تىزۇپ، ئەسكىرىي كۈچى-
نى پائال كېڭەيتىپ، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ 3
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلاشتى.

ئارشاگغول — ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى، ئۇ يېرىدە جەمئىي
30 نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچى بار ئىدى. 1945 - يىلى 1 -
ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇشۇ بىر كۈندىلا 26 ئادەم 3 ۋىلايەت ئىنى-
قىلابىي تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، كېيىنكى ئىلى، ئالتاي، ئاقسۇ ....

قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا بىر قانچە قېتىم خىزمەت كۆر-
سەتتى، ئۇلاردىن شاۋگا، بۆمبە، غېردە تۈەنجاڭلىقىنى ئۈستىگە-
ئالدى. يۇقىرىقى ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلاردىن بىرىنچى دەرىجە-
لىك ئۇرۇش قەھرىمانى دەپ نام ئالغانلار لوزۇڭ دورە، ۋاربى-
جەت، تاگگەت، بوتۇ، بادۇمۇ، ساڭگا، باتمە، باتمە ئارا. بۇنىڭ-
دىن باشقا، بۇ ئۇرۇشتا قاتناشقانلاردىن يەنە سەي ئارا، دابدە،
نامجە، توجە، گارەمن، يى رىنچىڭ، خادورجى، دارجا، جاڭ مى-
يىڭ، بالجىر، ئىرىنچە، پۇرۋە، جارسۇن، دوچە، بوگە، بورە قا-
تارلىقلار بار. ئۇلار مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى-
دە گومىنداڭغا ۋە جاھانگىرلارغا قارشى قوراللىق كۈرەشلەردە
قەيسەرلىك، باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن
ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال رول ئوي-
نىدى.

بۇ مەزگىلدە باينبۇلاقتىن جەمئىي 300 دىن ئارتۇق موڭ-
غۇل ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ بىر ئاتلىق ئەسكەر يىڭى قىلىپ
تەشكىل قىلىندى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى ھەربىي قو-
رال تارقىتىپ بەردى. قورال بىر قەدەر ئىلغار بولۇپ چېخچە
ئاپتومات، زىنىت توپ، ماكسىم پىلىموت قاتارلىقلار بار ئىدى.
شۇگا تۈەنجاڭ غېردىن، بۆمبە فۇتۈەنجاڭ بولدى. 3 ۋىلايەت تە-
رىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاساسلىق مەسئۇل كىشى يۇقىرىدا ئېيتىل-
غان ئاق ئوروس ئىكەن.

خېجىڭ ناھىيەسى ئويۇشتۇرغان ئۆزىنى قوغداش تۈەنى
1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا شياۋ بۇ رۇستايغا بارغان-
دىن كېيىن لى نيەنداۋا تۈەنجاڭ 3 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، بۇي-

رۇققا بىنائەن خېجىڭغا قايتتى، ئۇ تۈمەنگە باسىلىك مەسئۇل بول-
دى. بۇ تۈمەننىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورا، ئاشلىق قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭنىڭ 128 - شىسى ئۈستىگە ئال-
غانىدى، تارقىتىپ بېرىلگەن قوراللارنىڭ ھەممىسى رەتتىن چىق-
قان قوراللار ئىدى. خېجىڭ ئەۋەتكەن ئۆزىنى قوغداش تۈمەنى
بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراشلىق بايىنبۇلاق يەرلىك قورال-
لىق كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى موڭغۇل ئەسكەرلەر بولغاچقا، ئۇلار
ئوتتۇرىسىدا قەبىلە مۇناسىۋىتى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇنا-
سىۋىتى بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئۆزىنى
قوغداش تۈمەنى باسىلىك لېيەنجاڭنى يادرو قىلغان ھالدا بايىنبۇ-
لاق ئاتلىق تۈمىنىنىڭ تۈمەنجاڭى غېردە تۈمەنجاڭ بىلەن ئالاقە
باغلىغانىدى. باسىلىك 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەشۋى-
قاتى ۋە تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى ئۆزگەرتىپ
3 ۋىلايەت تەرەپكە پۈتۈن نىيىتى بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا
مەلۇمكى، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىنىڭ
ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللايتتى، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەر-
نىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تونۇشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن سۆز
بىلەن قايىل قىلىش قىيىن ئىدى.

3 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر ئەتىگەندە نىكتىن يېتەك-
چىلىكىدىكى بىر قازاق ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى بىلەن بايىنبۇ-
لاقتىكى موڭغۇل ئەسكەرلەر يەنگى شياۋ بۇ رۇستايىنى يوشۇرۇن
مۇھاسىرىگە ئالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەخپىي تۇ-
تۇشۇش بار ئىدى. باسىلىك بارلىق ئەسكەرلەرگە تىزلىنىپ ئەتى-
گەنلىك مەشىق قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. مىلتىقلارنىڭ ھەممىسىنى

گازارمىغا ئىسىپ قويغان. دەل مۇشۇ چاغدا 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ مىلتىق ئاۋازى ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىدۇ. پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەر قەتئىي تەسلىم بولمايدۇ. مورگى ئىسىملىك بىر رۇس لېيىنېجاك پىلىموت بىلەن ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ 6 نەپەر موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئاتلىق ئەسكەرلەر يېڭىدىكى ساغان مەرىن ئىسىملىك بىر موڭغۇل ئۆزىنىڭ جۇۋىسى بىلەن ھېلىقى پىلەموتچىنى توسۇۋېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەممىمىز موڭغۇل، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىمىز بار، موڭغۇللار بىر-بىرسىنى قىرسا بولمايدۇ». ئاخىرىدا باشلىق ئۇرۇشنى توختۇتۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ ھەمدە ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاركالايدۇ. نەتىجىدىن: «سىلەر قورالنى تاشلاڭلار، ئۆيىڭلەرگە قايتىشنى خالىساڭلار قايتىڭلار» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 30 نەچچە كىشى ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىدۇ، قالغانلىرى بايىنبۇلاققا قايتىپ بارىدۇ.

بۇ ئىككى ئاساسىي ئۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە يېڭى سەخەنتوخەي، كۆكلىك، دالىڭ داۋان، غارخەتىن قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇش بولۇپ تۇردى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بايىنبۇلاق 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يېرىگە ئايلاندى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايىنبۇلاقتىكى كۈچىنى مۇستەھكەملەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا، داغوت داۋاننىڭ ئاستىدا بىر قوماندانلىق ئورنى قۇرۇلدى، بىر لۇي ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. تەخمى-

ن 2000 ئادەمى بولۇپ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، شىبە،
ىرغىز قاتارلىق مىللەتتىن تەشكىل قىلىنغانىدى. بايىنبۇلاق
ر چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، زېمىنى كەڭ، كۆچا، باي،
ۇگۈر، خېجىڭ، قارا شەھەر، ماناس، سانجى، ئۈرۈمچى، تۇر-
ان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلار بىلەن چېگرىداش، يەر
ۇزۇلۇشىنى گەرچە تىيانشاندىكى تەبىئىي توساقلار ئايرىپ تۇر-
سىمۇ، لېكىن يېقىندىكى جايلاردا 9 داۋان بولۇپ بايىنبۇلاق-
ا بارغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمى-
ىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇشۇ 9 داۋاننىڭ ھەر بىرىدە 20—
30 ئەسكەر تۇرغۇزغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە
بىر سەييارە ئاتلىق لىيەندە 90 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، دا-
ئىم سەييارە چارلاش قىلاتتى، مۇبادا دۈشمەن ئەھۋالى بايقال-
غان ھامان دەرھال قوماندانلىق ئورنىغا مەلۇم قىلاتتى.

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بايىنبۇلاقتا يۈلتۇز ناھىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي غوپۇر ئاخۇننى ئەۋەتىپ تەيىنلىدى، ھەمدە ئۇ يۈلتۇز ناھىيىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شاسىل ياموۇل، دىنىي ئۇيۇشما، ئىتتىپاق موڭغۇل ئۇيۇشمىسى قاتارلىق 4 تەرەپتىن تەشكىل بولغان، ھۆكۈمەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن فۇنكسىيىلىك بىر تارماق ئىدى. شۇ چاغدا بايىنبۇلاقتا ئۆي يوق، ھەممىسى چولما ئۆي ئىدى. ساقلىنىپ كەلگەن، ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئاز قالغان 4 ئېغىزلىق كونا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ (ئوتتۇرىسىدا 3 مېتىردىن كەڭرەك بىر كارىدورى

ئىدى) تەخمىنەن 180 كۋادرات مېتىر كېلەتتى، 1947 -
ى سېلىنغان. ئاشۇ 4 ئېغىزلىق ئەشخانىنى ھەر بىر رەھبە-
تارماق بىردىن ئىگىلىگەنىدى.

ىتۇز ناھىيىلىك ھەكۇمەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى
گانلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

ھاكىم: چاڭزىت (زاڭزۇ، ئابىيام ئىبتىلغان جامزىي) مۇئا-
، ھاكىم: ساغان (موڭغۇل، ساتىڭلىق) يەنە بىر قازاق ھا-
، باش كاتىپ: غۇپۇر ئاخۇن. دىنى ئۇيۇشما باشلىقى: يىن-
ڤ لاما. ئىتتىپاقنىڭ باشلىقى: بايىزبېك (قازاق، سوۋېتلىك)
ڭغۇل ئويۇشما باشلىقى: ئا.تۆمۈر (موڭغۇل)

سوت باشلىقى: نىمە (موڭغۇل) جامائەت خەۋپسىزلىكى
ارىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇللا سۇلتان. جخ ئىدارىسىنىڭ قارى-
ندا 4 پەيچۇسو قۇرۇلدى، ھەر بىر پەيچۇسودا 7-8 كىشى
ئىدى.

ناھىيىدىن تۆۋەن شىتاتتا قەبىلىلەر ئاساس قىلىندى، ھەر
ر قەبىلىلەردىن تورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملار تۆۋەندىكىچە:

1 - شەلمىر قەبىلىسىدىن: گوزدى: غۇرجاپ؛ مەردىن.
پۇ، زالۇن. پېڭسېك.

2- ساتىڭ قەبىلىسىدىن: گوزدى: دورجى ئارا؛ مەردىن؛
مبە؛ زالۇن: ئاڭگا.

3 - باردىن قەبىلىسىدىن: گوزدى؛ ئارا؛ مەردىن: باسىڭ؛
لۇن؛ تەمىن.

4- دونۇر قەبىلىسىدىن: گوزدى؛ باسىڭ؛ مەردىن؛ دوبدوڭ؛
الۇن؛ باتمە ئارا.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ساقلىقنى ساقلاش ئورنى بار بولۇپ، ئۇنىڭ دورا ۋە سايمانلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلىگەن. دوختۇر بىلەن سېستىرا جەمئىي 8 كىشى بولۇپ، بۇلار ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن روس ۋە شىبە ئىدى. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 1946 - يىلى 9 - ئايدا ئىلىدا موڭغۇل ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، موڭغۇل ئۇيۇشما ئىلىدا بىر موڭغۇل ئوتتۇرا مەكتەپ قۇردى، مۇدىرى لالڭخە (شىلىكنىڭ قىزى، ھازىر ئۈرۈمچىدە) ئىدى، ئەينى چاغدا، بايىنبۇلاقتىن ئەۋەتىپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچى 50 نەپەردىن ئارتۇق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بادەي مۇشۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1946-يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۇلتۇز ناھىيىسى چاڭزىت، تاڭگالاما، ئارا گۆزدى باشچىلىقىدا بىر تەبرىكلەش ئۆمىكى تويۇشتۇرۇپ داغدۇغىلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇل كۈرەدە بىر موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، يۇلتۇز ناھىيىسى بۇ مەكتەپنىڭ راسخوتى ئۈچۈن 160 تۇياق ئات، 175 تۇياق كالا، 20 تۇياق قوتاز ئىئانە قىلغانىدى.

يۇلتۇز ساپ چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 200 مىڭغا يېقىن چارۋا مال بار ئىدى، ھەر يىلى ئىلىغا قېرى كالا، قېرى ئات قاتارلىقلاردىن 20-40 مىڭ تۇياق ۋە خېلى ساندا يۇڭ، تېرە يۆتكىلەتتى. بۇ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قورغاس ئارقىلىق سوۋېت

تىمپاقىغا تۇشۇلۇپ گەزلىمە ھەم چەرچىن مال قاتارلىق تۇر-
ۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇلاتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكە
ەرزىيدىغىنى شۇكى، دۇنيۇرنىڭ ئەركەك قوتىزى بىلەن يەرلىك
الىنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئۇرۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان I-
ەۋلادنىڭ مەيلى تەن ئېغىرلىقى ياكى سۈت مىقدارى جەھەت-
ە بولسۇن ئالدىنقى ئەۋلادتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئىسپات-
ىنىپ، دۇنيۇر قوتىزى خۇددى «پىل»غا ئوخشايدۇ، دېگەن چى-
ايلىق نام ئالدى. شۇ چاغدا بۇنى يېتىشتۈرگەن يەرلىك ئا-
ەم—چارۋىچى گاڭگا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مىنجۇ.
3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يۇل-
ۇز ناھىيىسىنى قۇرۇش، ئىشى پۈتكەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ھا-
ىمى چاڭزىت، باش كاتىپ غوپۇر ئاخۇن، گوزدى دورجى ئارا،
ۈزدى ئارا، گوزدى خۇرجاپ قاتارلىق 5 كىشى ئەڭ ياخشى
ئات ھەم سوغاتلارنى ئېلىپ ئىلىغا بېرىپ 3. ۋىلايەت ئىن-
لابىي رەئىسىگە تەقدىم قىلـدى ھەمدە ۋەزىپىگە تـەيىنلەش
ۇۋاھنامىسى ۋە تۇرۇك مەمۇرى چىقىم راسخوتلىرى قاتارلىق-
رنى رەسمى بىجىرىپ قايتىپ كەلدى.
3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي «جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقى-
بىنىڭ بىر قىسمى». شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارى-
خىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلابىي ھە-
رىكەتتۇر. لېكىن، شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى شارائىتنىڭ چەكلىمىسى
ەۋەبىدىن، بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە،
ايرىم ئەكسىيەتچى فېئودال يۇقىرى قاتلامدىكىلەر قىسمەن ھا-

كومىتېتنىڭ قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتەرىپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلغاندا، ئىلغار كۈچلەرنى ئاساس قىلغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرى كوممۇنىست ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ، ئىنقىلابنى توغرا يولغا سالدى.

يولتۇز ناھىيىسى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىنقىلاب مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى خاتىرجەم قىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى، شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىشقا ماسلىشىپ، ئوتلاقتىكى باھارنى كۈتتۈۋالدى.

# قارا شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ 18 - ئەسىردىكى ئەھۋالى

ياسىن ھەسەن، ئابدۇۋەلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قارا شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىغا ھازىر مىڭ ىل بولدى. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى ەئىپلىشىپ غەربىي رايوننى باشقۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. يۈەن، ىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە پۈتكۈل غەربىي رايوندىكى بەگلىكلەر- ىڭ بىر - بىرىنى قوشۇۋېلىش يولىدىكى يېغىلىقى داۋاملىشىپ ەلدى. خەلق بۇ يېغىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دائىم ئېقىپ ۇرۇپ جۇڭغارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندا قارا شەھەر يايلاققا ئاي- لانغانىدى. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ -كى- چىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ شىنجاڭنى بىرلىككە ەلتۈردى. شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، باشقا يىراق - يېقىن يۇرتلارغا كەتكەن ئۇيغۇرلار بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىپ، ۆز يۇرت - ماكانىغا ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى شىنجاڭنىڭ ئۇ- زاق مۇددەت بۆلۈنۈپ تۇرۇشتەك تەپرىقىچىلىق ۋەزىيىتىگە خا- تىمە بەردى. تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىر سېلىقلىرى يەڭ- گىللىدى. ھەر خىل شەكىلدە ئېتىز - ئېرىق بەرپا قىلىنىپ دېھ-

قانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

تىنچ شارائىت، مۇقىم تۇرمۇش ۋە قانۇنىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئىگە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىپ، ئائىلە - يۇرتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تەركىبىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. قەشقەر، يېڭىسار، ئاتۇش، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى باي سودىگەرلەرمۇ قارا شەھەرگە كېلىشكە باشلىدى. خۇسۇسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي ھالدا بىر تۈركۈم ئىمتىيازلىق شەھەر ئاھالىسى بارلىققا كەلدى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ «قارا شەھەر مەھكىمىسى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ يەردە (كورلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 12300 ئۇيغۇر ئاھالە بولغان، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلاردا سودىگەرچىلىك، باققالچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە ھەر قايسى كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سېلىنغان. ياڭ زېڭ شىن دەۋرىگە كەلگەندە قارا شەھەردە كەسىپ خاراكتېرىنى ئالغان چوڭ سودىگەرلەر مەيدانغا كەلگەن؛ شۇ چاغدا ئاتاقلىق سودىگەرلەردىن: مەھەممەت ئاخۇن باي، چوڭ ئاخۇن باي، ئىمىن ھاجى، ئېلى ھاجىم، سەلەي باي، توختى ئاخۇن باي قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار ئاۋ-

ل چارۋىچىلىق بىلەن، كېيىن چارۋىچىلىقنى تاشلاپ سودىگەر-
ىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، قارا شەھەرنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ
للىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئىمىن ھاجى شۇ يىللىرى قارا شەھەر دەرياسىنىڭ ئۇس-
ىدىن بىر پارچە يەر ئېلىپ يۇڭ يۇيۇش خانىسى ئاچتى، دەس-
پتە يەرلىكتە يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قوي يۇڭىنى پىششىقلاش
سىنى يولغا قويۇپ، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىش چارىسىنى
ىرا قىلىپ، ئىشچى ياللاپ قوي يۇڭى يۇيۇشنى ئېلىپ باردى.
ى يۇڭى قۇرىغاندىن كېيىن يۇڭنى تېڭىق قىلىپ تۆگىگە ئار-
پ چەت دۆلەتكە ئاپىرىپ ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تې-
ىشتى. خۇسۇسەن ئىمىن ھاجىم دائىم سوۋېت ئىتتىپاقى قا-
ىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەي ئوبلاستىغا بېرىپ ئوقەت قى-
ىپ، ئۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ سودىگەرچىلىك قىلغان.
ىن ھاجىمنىڭ تۆگە دۇيى سوۋېتكە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىق-
ا تۆگىنىڭ قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى قارا شەھەرنى بىر ئا-
ى.

شۇ چاغدا پۈتۈن شەھەردە ٩ ئورۇندىكى چوڭ قوروداتوپ
ىتتەش كەسپى يولغا قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە سودى-
لەر يەنە ئېچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ چارۋا مەھ-
ۇلاتلىرىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتاتتى، شۇنداق قىلىپ قارا
ەرنىڭ دول چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سوۋېت بازارلىرىغا
ىندى. شۇنداقلا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ مەلۇم ئىناۋەتكە ئىگە
ى.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سودا - سېتىق ئىشلىرى ئاۋات-

لاشتى، بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قارا شەھەر-
نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم سودا كارۋانلىرى يېتىشىپ
چىقىپ، سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ
بەردى.

1928 - يىلى ياڭزېڭشىنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەل-
دارلىرى فەنيىۈەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جىن
شۇرېن فەنيىۈەننى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن جىن
شۇرېن ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا قۇرۇلدى. 1932 - يىلى جىن شۇ-
رېن جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.
ھاكىمىيەت ئالماشتى.

1937 - يىلى شىڭشىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن سو-
ۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ، «ئالتە
بۈيۈك سىياسەت» نى ئىجرا قىلىمەن،دېگەن نىقاب بىلەن،1939-
يىلى قارا شەھەردىكى ئەيسا ھاجىمنىڭ قورۇسىدا (ھازىر 8023-
قىسىم تۇرۇشلۇق جايدا) سوكسىن تۈۋرۈك شىركىتى قۇردى. شىر-
كەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېتلىكلەرنىڭ بۇ يەردە سودا قى-
لىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا شەھەر ئۇيغۇر سو-
دىگەرلىرىنىڭ سوۋېت سەمەي ئوبلاستى بىلەن بولغان كېلىش -
بېرىشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. يەرلىك چار-
ۋا مەھسۇلاتلىرىنى سوكسىن تۈۋرۈك ئۆز ئالدىغا سېتىۋالىدىغان
بولدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك سودىگەرلەر ۋەيران بولۇش خەۋ-
پىگە دۇچ كەلدى. بەزى سودىگەرلەر ئۇششاق - چۈششەك ئې-
لىم - سېتىم بىلەن، تەبىئىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەج-
بۇر بولدى، بەزىلىرى سودىدا ۋەيران بولدى، شىڭ شىسەينىڭ

مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى، زۇلۇم سېلىش سىياسىتى تۈپەيلىدىن، سوكسىن تۇرۇكمىنىڭ سودىسىمۇ ئانچە راۋاج تاپالمىدى. 1943 - يىلى شىڭشىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ گومىنداڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى. سوكسىن تۇرۇكمىنىڭ سودا پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. نۇرغۇنلىغان يۇڭ - تېرىلەر بېسىلىپ قېلىپ بىر مەھەل بىر تەرەپ قىلىنمىدى. بۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم كۆن - خۇرۇم ئىشلەيدىغان قول ھۈنەرۋەنلەر كەلتۈرۈلۈپ، بۇ يۇڭ - تېرىلەر بىر تەرەپ قىلىندى. 1943 - يىلى يۈسۈپ جىگلى باشچىلىقىدا 18 ئادەم شىركەت كارخانا قۇردى. بۇ كارخانا سوكسىن تۇرۇك ئىسكىلاتىنىڭ ئورنىدا قۇرۇلۇپ، (ئەسلى ئورنى ھازىرقى ياشلار سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا ئىدى) تۈرلۈك ئۇستىلاردىن 100 نەچچە ئادەمنى يىغىپ بىر يىل ئىچىدە بېسىلىپ قالغان ھېلىقى يۇڭ - تېرىلەردىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىپ بولدى. يۈسۈپ جىگلى كارخانا قۇرغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ لوپنۇر، چاقىلىقتىكى ئادەملىرى بۇلاپ ئەكەلگەن 3 مىڭ دانىدىن ئارتۇق تېرىنى مۇشۇ كارخانىغا جۇۋا تىكىپ بېرىشكە بۇيرىدى، بۇ كارخانىدا 2 يۈزدىن ئارتۇق ئىشچى بار بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ يان تەرىپىدە ئىدى.

بۇ كارخانىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىغا قىشلىق كىيىم تىكىش ئىدى. پەقەت ئاز قىسمىم تېرىدە ئىشلىگەن مال بىلەن بازارنى تەمىنلەيتتى.

بۇ كارخانىنىڭ داڭقى بار ئۇستىلىرى: بوۋاق ئاخۇن،
جى ئاخۇن، ئابدۇقادىر ئاخۇن، سىدىق ئاخۇن، بوغالتىرى ئوس-
ن داۋۇت، ئابلىز ئىبراھىم، كاسسىرى تۇرسۇن ئەپەندى قا-
لىقلار ئىدى، يۇسۇپ جىڭلى قۇرغان بۇ كارخانا 1843-يىل-
ن 1947-يىلغىچە 4 يىل مەۋجۇت تۇردى. 1947-يىلى
لىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەچكە، بۇ كارخانىنىڭ تەقدىرى
مەۋپتە قالدى. ئاخىرىدا بىر قانچە پايچىكلار 1950-يىل-
چە قۇرۇق زاۋۇت ئۆيىنى ساقلاپ كەلدى. قالغان ئۇستىلار
زلىرى ئىش تېپىپ كۈن كەچۈردى.

## قارا شەھەردىكى ئۇيغۇرلار مەسچىتى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى قارا شەھەر بازار ئىچىدە جامەئي
ز مەسچىت بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىخي بىر قەدەر ئۇ-
زۇنراق، قەدىمىي مەسچىت — قارا شەھەر دەرياسى بويىدىكى
194 -يىلى سېلىنغان ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن جامائە
يشقەدەم، ئابرويلۇق ھەبىبۇللا ئىمامنىڭ تەشەببۇسى ھەم بىۋا-
ستە قاتنىشىشى، كەڭ مۇخلىسلارنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت
بېرىشى بىلەن سېلىنغانىدى. شۇ چاغدا جۈمە نامىزىغا ئىماملىق
لغان كىشى قەشقەر يېڭىسارلىق ئىبراھىم خوجا ئىدى. چوڭ
مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن، مەسچىتنىڭ يېنىغا بىر بۆلەكرى دە-
ستىجىلىك مەدرىس سېلىنىدى. ئابدۇرۇسۇل خەلپەت ۋە ئابلىز
مەخسۇم قاتارلىق دىنىي زاتلار بۇ مەدرىسكە ئوقۇغۇچى قوبۇل
لىپ بۇ مەدرىسنى باشقۇردى.

چاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ ياڭزىڭشىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، شەھەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىنى مەركەز قىلغان ھالدا 7 مەسچىت سېلىنىدى. شۇ چاغدا ئازىراقنامى بار مەسچىت ـ سادىق ھاجىنىڭ مەسچىتى بولۇپ، بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى پوچتىخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا توغرا كېلەتتى. قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن بۇ مەسچىت چۇۋۇۋېتىلدى، بۇ مەسچىتنىڭ ئاخۇنى XXX ئىدى. يەنە بىر مەسچىتنىڭ ئورنى ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، لوپنۇرلۇق XXX دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ سالدۇرغان، مىنگونىڭ 18 ـ يىلى پۈتكەنىدى. بۇ مەسچىتنىڭ ئاخۇنى قاسىم خەلپەت ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك دورا شىركىتى بۇ يەرنى سېتىۋېلىپ قۇرۇلۇش قىلدى.

يەنە بىر مەسچىت جامال گاس ئۆزىنىڭ ھويلىسىنىڭ يېنىدا سالغان مەسچىت بولۇپ، ئاخۇنى رىشىت خەلپەت ئىدى. مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ قورۇسىغا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بۇ مەسچىت چۇۋۇپ تاشلاندى. باشقا 4 مەسچىتنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس بولۇپ، مەھەللە خاراكتېرلىك ئىدى. ئەسلى ئورنى 4 ـ گەي تاشيول بويىدىكى ئۇلاق تىرانسپورت كوپېراتىپى قورۇسى ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ قورۇسى ئىچىگە توغرا كېلەتتى. ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان مەسچىتلەر دىنىي مەكتەپ ئېچىپ تالىپلارنى تەربىيىلەيتتى.

شىڭشىسەي مەزگىلىگە كەلگەندە موللا داۋۇت ئىسمىلىك

بىر كىشى ئۆزىنىڭ قورۇسىدا بىر مەسچىت سالغان ئىدى. ئۇ مەسچىت هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. يۇقىرىقىدەك مەسچىت- لەرنى سېلىشقا پائال قاتناشقان ھەمدە قىزغىنلىق بىلەن مەدەت بەرگەن زاتلار: قەشقەرلىك ئىماملار ۋە ئاخۇن - دىنىي زاتلار، بۇ ئادەملەر ئۇزۇن يىل مەخسۇس دىنىي تەلىم ئالغان. 1840- يىلدىن 1935 - يىلغىچە بولغان بۇ مەزگىلدە قارا شەھەر شە- ھەر ئىچىدە مەسچىتلەر ئوەۋەيۆزلۈك قۇرۇلغان، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا تېخىمۇ تەقۋادار بولغان.

1939 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى ئوزۇل - كېسىل ئاشكارىلاندى. ئۇ ئىلغار زىيالىيلارغا ۋە ئاتاق- لىق دىنىي زاتلارغا غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ، قول- غا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قارا شەھەردىكى مەشھۇر دىنىي زات، دىنىي ئاقارتقۇچى يۇسۇپ ئەلەم هاجى، ئى- مىن هاجى، مەھەممەت داموللا قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى قول- غا ئېلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈرمىگە ئاپىرىپ قامىغان، قولغا ئېلىنغانلاردىن قادىر هاجى پاجىئەلىك يوسۇندا ئۆلتۈرۈلگەن، 1942 - يىلى 12 - ئايدا يۇسۇپ ئەلەم هاجى تۈرمىدىن چى- قىپ قارا شەھەرگە قايتىپ كەلدى. 1943 - يىلى 5 - ئايدا ئۇ جامائە مەسچىتىنى كېڭەيتىپ سېلىشقا كىرىشتى ھەمدە «سە- رەپخانا»، هارۋا، ئۇلاق چۈشىدىغان دەن سالغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن بۇ دىنىي مەكتەپ پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەمىنلەش قىيىن بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چۈشۈپ شەخسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. چوڭ جامائە مەسچىتنى كېڭەيتىپ سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قىش-

قەرلىك كىچىك ھاجى دېگەن كىشى ھازىرقى زىيالىي باشلارما-
گىزىنى ئورنىدا بىر چوڭ مەسچىت سالدى. بۇ يەر بۇرۇن زا-
راتكارلىق ئىدى. مەسچىت زاراتكارلىقنىڭ يېنىغا سېلىندى. ئىس-
لام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جامائەتلەر مىسلىسىز كۆپەيدى.
ۋەھالەنكى، قاراشەھەردىكى دىنىي مەزھەپ ئىچىدە ئىختىلاپ يۈز بې-
رىپ، ھەر قايسى مۇخلىسىز ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ تەلىمات - ئە-
قىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، نەتىجىدە شەرىئەتچى - تەرىقەت-
چىلەر دېگەن مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى.

1944 - يىلى ئابدىكېرىم داموللا جامائە مەسچىتىگە ئا-
خۇناۋقا تەكلىپ قىلىندى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇردى. رەخمە-
تۇللا داموللا لوپنۇردىن قارا شەھەرگە كېلىپ مۇپتى بولدى.
قازىلىقنى ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ناسىر داموللائۇس-
تىڭە ئالدى. ئابدىكېرىم داموللا ۋە ناسىر داموللا، رەخمىتۇللا
داموللىلارنىڭ تەرەپبازلىق قارشى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، جاما-
ئەتلەر ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كورلىدىن مىرخۇت ئەلەم
ھاجىمنى قارا شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. 1945 - يىلى كورلىدىن
ئېلىخەلپەم قارا شەھەرگە چىقىپ كىچىك ھاجىمنىڭ مەسچىتى قو-
روسىنىڭ سىرتىغا بىر چوڭ خانىقا سېلىپ (ئىشانلار سۆلۈك قى-
لىدىغان ئورۇن) سوپىلارنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىخەل-
پەمنىڭ سوپىلىرى قارا شەھەر بازىرىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇش-
قاقلىرىچە تارقالدى. ئۇلار ئۆز قەرەلىدە پائالىيەت ئېلىپ بار-
دى. سوپىلار «پانى ئالەمنى يامان كۆرۈش، تەركى دۇنيالىقنى
كۆككە كۆتۈرۈش، ئۇ ئالەمدە راھەت كۆرۈش» نى تەشەببۇس
قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيىتى بىر مەزگىل قارا شەھەردە

ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىدى. 1948 - يىلى بىر جۈمە كۈنى سوپىلار جامائەتكە مەسچىتكە بېسىپ كىرىپ جېدەل چىقاردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇ يىلى ئابدىكېرىم داموللا بىلەن ناسىر داموللا ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە قېتىم توقۇنۇش يۈز بەردى. ئاخىرقى بىر قېتىملىق توقۇنۇشتا دائىرىلەر ئەسكەر ئەۋەتىپ توسۇپ ئامانلىقنى ساقلىدى. بىر مەزگىل جامائەتلەر قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ناماز ئوقۇدى.

## «سۇلتان قىلىچ تەگبىر ئاتام قەبرىسى» ھەققىدە

سۇلتان قىلىچ تەگبىر ئاتام قەبرىسى قارا شەھەر شەھەر ئىچىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى دەنزىل يېزىسىنىڭ كونا بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايىغا ئايلاندى.

ئىلگىرى بۇ قەبرىنىڭ دائىرىسى كەڭ ئىدى. بۇ يەردە بىر چوڭ يۇمىلاق گۈمبەز (ئىسلام دىنىنىڭ دار بۇۋىلىرىنىڭ قەبرىسى) شۇنىڭدەك بىر مەسچىت ۋە باشقا ئىبادەت قىلىدىغان ئەسلىھەلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سانسىزلىغان كىچىك قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان قەبرە توپى بار ئىدى.

ئوممۇمەن شەھەردىكى چوڭ بايلار ۋە دىنىي زاتلار ئالەمدىن ئۆتكەندە مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىناتتى، ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر «سىرلىق مۇقەددەس جاي»

غا ئايلاندى. ھەر قېتىم كىشىلەر بۇ قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەندە، جەنۇبتا ئاق ئۆستەڭنى، شىمالىي تەرەپتە بۇقىرى ئۆستەڭنى پاسىل قىلىپ، ئاتلىقلار ئاتتىن، ھارۋىدىكىلەر ھارۋىدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىپ ئاندىن ماڭاتتى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇنداق كۆز قاراش كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىش بىلەن، كىشىلەر بۇ قەبرىستانلىقنى «ئۇلۇغ جاي» — مازىرىم دەپ ئاتاپ، 4 يۈز يىلدىن ئارتۇق تاۋاپ قىلىپ كەلدى.

دەنزىلنىڭ ئەسلى ئىسمى ئاق ئۆستەڭ بولۇپ، بۇنداق نام جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان نام قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئاتۇشتىكى يۇچۇر (ئۇكلۇق ئۆستەڭ)، ۋاكچۇ (خانلىق ئۆستەڭ)، گەيچۇ (كىچا ئۆستىڭى) بۇنداق نامنىڭ ئوخشاش مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆستىڭە ئامما ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار بۇيەرنى ساغان دىڭ (ئاق تام، ئاق دۆڭ دەپ ئاتىدى) ھازىرغىچە كىشىلەر بۇ يەرنى ئاقدۆڭ دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر پۇقرالار مازارغا تاۋاپ قىلىپ كەلگەچكە موڭغۇل تىلىدىكى ساغان دىڭ دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «دىڭنى» قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «زار» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «دەنزىر» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت ئېغىزدا خاتا ئېيتىپ «دەنزىر» نى «دەنزىل» دەپ ئادەتلىنىپ قالدى. «دەنزىل» نىڭ مەنىسى خەنزۇ تىلىدا 四十里城子 دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلەر بۇ يەردە ئۇرغۇن دەن سىلىپ بۇ يەرنى چۈشكۈنگە ئايلاندۇرغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان سادىقمە-
لادى 10 - ئەسىردە بالدۇرلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.
ئۇنىڭدىن كېيىن 14 - ئەسىردە پۈتۈن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى
ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان، تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە،
سۇلتان سادىق بۇغراخاننىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلان ئىكەن، بۇ ئا-
دەم بۇغرا «قاراخان خانلىقى» نىڭ ئارىپ داجاڭ يېتەكچىلە-
كىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنىغا قاتناشقان، ئارىپ داجاڭ كۇچادىكى
ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كۇچانى ئىشغال قىلىۋال-
غان. ۋەھالەنكى كۇچادىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىل-
ماي بۇددا دىنىغا قەتئىي ئېتىقات قىلغان، كۇچالىقلار بۇنى
شەرت قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، قارشى تەرەپ جاۋاب بەرگەن-
دىن كېيىنلا «قاراخان خانلىقى» غا تەۋە بولغان.

ئۇقۇشىمىزچە، ئىلگىرى دېنىزلىدىكى مازىرىمىنىڭ ئەھۋالى
يەرلىك تەزكىرىگە خاتىرىلەنگەن، ئەمما مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابىدا بۇ تارىخ خاتىرىلەنگەن تەزكىرىنى ئىسيانچىلار كۆيدۈرۈۋەتكەن.

مازىرىمىدا تۇرۇشلۇق تىلىۋالدى شېيىخنىڭ ئېيتىپ بېرى-
شىگە ئاساسلانغاندا، «يەرلىك تەزكىرىدە»، «نەمەنگان» لىقلار-
نىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكى، بۇ يەرنىڭ بېرىمىدىن كۆپرەكى
ئاق ئۆستەڭگە چىقىپ كەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن، ئۇ تولۇقلاپ
مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن 4 ئەۋلاد كې-
شى بۇ يەردە شېيىخلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، بۇ يەرنىڭ
ئەھۋالىنى ھازىرغىچە پىششىق بىلىمىز».

يېقىنقى تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى
تۇرپان ئايدىڭ كۆل ئاتراپىدا ناھايىتى ئۇزاق تارقالغان ھەم

تەسىرى چوڭقۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇلتان قىلىچ تەگبىر ئاتانى كۇچا رايونىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ پېشىۋاسى دەپ ئاتىسا بولىدىكەن.

بۇ دىنىي زات ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ كەڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بوشاشماستىن تىرىشقان.

ئەينى ۋاقىتتا قارا شەھەر كۇچا خانلىقىغا تەۋە ئىدى. ئۇ يەردە بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان. ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن سۇلتان قىلىچ تەگبىر ئاتا قارا شەھەردە بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان. ئاخىرى ئۆزىنىڭ هاياتىنى تەقدىم قىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن دەنزىل قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان، بۇ قەبرىستانلىق 4 يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

راۋايەت قىلىنىشىچە، تۇرپانلىق دىنىي زات ئەسھابە كەبى قىلىچ تەگبىر ئاتا، لوپنۇرلۇق سۇلتان رەبىبۇللائاتا ۋە سۇلتان قىلىچ تەگبىر ئاتانىڭ هەممىسى بىر تۇغقان قېرىنداش ئىكەن.

يۇقىرىقى رايونلاردا ئىسلام دىنىنى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىغا تارقىتىش ئۈچۈن ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ، تەقۋادارمۇخلىسلاردىن بولۇشقا قىلىچ بىلەن مەجبۇرلىغان.

بۇ ئاقساقاللىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ قەبرىستانلىقنى هۆرمەت بىلەن «سۇلتان قىلىچ تەگبىر ئاتام قەبرىسى» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئىزاهات: سىزىكسىن تۈۋرۈك دېگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى خام ئەشيا شىركىتى.

موللاخۇن روزى تەرجىمىسى

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى لوپنۇر خەلقى

غۇلامىدىن ئەيسا

لوپنۇر ناھىيىسى ئوبلاستىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىس-
مىغا جايلاشقان. مەشھۇر تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى
ەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ ئۆتۈپ، ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى
ېسىپ ئۆتىدۇ. ئەسلىدە لوپنۇر ناھىيىسى يېرى كەڭ، تۇپرىقى
ۇنبەت بىپايان زېمىن بولۇپ، غەربىي چېگرىسى كورلا، شايار
اھىيىلىرىگە، جەنۇبىي چېگرىسى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق
ەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىگە، شەرقىي چېگرىسى قۇمۇلغا،
مالىي چېگرىسى تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىگە چېگرىداش.
ۇپنۇر خەلقى ئاساسەن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق
ىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ياز پەسلى ھاۋاسى ئىسسىق بولۇپ
ۆل يېغىنى ئاز ياغىدۇ، دېھقانچىلىق ئاساسەن دەريا سۈيىگە
ايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. تارىختىكى ئەكسىيەتچى
ۈكۈمەتلەرنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن
خەلقىنى رەھىمسىز رەۋىشتە ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە
ىلىشى، پاجىئەلىك قاقتى - سوقتى قىلىشى
ەتىجىسىدە، بىچارە لوپنۇر خەلقى ئىنتايىن ئېچىنىش-
لىق ۋە يوقسۇللۇق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. لوپنۇر

خەلقىنىڭ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق غۇربەتچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە سەۋەبچى بولغان بىر قانچە خىل سەۋەبلەرنى تەپسىلى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر خەلقنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن نادانلىق - قالاقلىقتا قالدۇرۇش، مەدەنىي - مائارىپنى بوغۇش، خەلقنى غەپلەت بۆشۈكىگە مەھكەم تېڭىپ تاشلاش، مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئىلغارلىقنى تەرغىب - تەشۋىق قىلغۇچىلارنى «جەدىت»، «كالتا قۇيرۇق»، «دەھرىلەر»، «دىن» غا قارشى، شەرىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار دېگەن بەتنامالار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئۆجۈقتۇرۇۋېتىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، خەلقنى ئىمكانقەدەر قالاقلىق جاھالەتتە قالدۇرۇپ كەلگەن:

① قانخور ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، جاللات شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرى تەرىپىدىن ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن قاتتىق ئېزىلگەن.

② ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ بولىمىز ئالۋاڭ - سېلىق ۋە خىلمۇ - خىل ئېغىر باجلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىز رەۋىشتە قاتتىق قاقتى - سوقتى قىلىنغان.

③ خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان ۋە دىنىي تەبىقە ھەم خوجا - ئىشانلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن.

④ فېئودال باي پومېشچىكلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا دۇچار بولغان.

⑤ ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زى-

كەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ۋەھاكازالار. ئەمدى يۇ-
رىقى 5 خىل سەۋەبلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.
رىنچى. ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمەتلەر ھەر جەھەتتىن قالاق، ئەك-
يەتچى بولغانلىقتىن، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى، خەلقنىڭ
ئوقۇش تەربىيەسى بىلەن كارى بولمىغانلىقتىن، زامانىۋى تې-
قنىكا ۋە دېھقانلىق قاتناش قوراللىرىمۇ يوق ئىدى. ھۆكۈ-
ت ئەسكەرلىرى ۋە مەمۇرىي خادىملىرى ئۇياقتىن - بۇياققا،
كى قاراشەھەر، كورلىدىن چەرچەن، چاقىلىققا، ناھىيە شەھە-
رىدىن سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئاساسەن خەلقتىن ھارۋا،
ت، ئېشەك قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى تايىناتتى. بۇنىڭغا
ر تىيىنمۇ ھەق بەرمەيتتى. مەسىلەن: لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە
مەركىزى كۆنچى شەھىرىدىن چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىگە
باردىغان ئەسكەرلەر ياكى مۇلكىي خادىملار ئۆتەڭمۇ - ئۆتەڭ،
مەھەللىمۇ - مەھەللە ھارۋا، ئات، ئېشەك سېلىق سېلىپ ماڭات-
تى. ئىككىنچى مەھەللىگە بارغۇچە ئات ئۇلاق ھېرىپ چارچاپ
يېغىر بولۇپ، ياكى ئۇنى ئۆز مەھەللىسىگە قايتۇرۇپ كېلەلمەيدى-
غان ئادەم بارغۇچە باغلاقلىق تۇرۇپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتا
ئۆلۈپ كېتىدىغانلىرى كۆپ بولاتتى. خەلققە بولغان بۇ بىھۇدە
زىيانغا بىر تىيىن تۆلەم بېرىلمەيتتى. ئات ئۇلاقنى يارىتىپ
بەرمىسە زالىملاردىن تاياق يەيتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى چوڭ
يول ئەتىراپلىرىدا ئوتلاپ يۈرگەن خەلقنىڭ كالا، قويلىرىنى
گومىنداڭ باندىت ئەسكەرلىرى تېپىۋالدۇق دېگەن باھانىلەر بى-
لەن ئوچۇقتىن - ئوچۇق يولسىزلارچە سويۇپ يەپ كېتەتتى.
بۇنداق بۇلاڭچىلىق ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ

ئەگەلەری بۇ مېنىڭ كالام ئىدى، ئۆز يايلىقىمدا ئوتلاقتا قو-
يۇۋەتكەن، بۇنىڭغا ھەق تۆلەپ بېرىڭلار، دېسە سەن بىزنى ئوغرى تۇ-
تامسەن؟ دەپ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۆچلۈك دېگەندەك مۇ-
تىھەملىك قىلىپ، خەلقنى يولسىزلارچە ئۇراتتى ياكى ئېسىپ
قويۇپ كېتەتتى. يۇرت كاتتىلىرى ئارىغا چۈشۈپ نۇرغۇن سو-
غاتلار بىلەن ناماقۇل بولۇپ، مال ئىگىسىنى تىلىۋالاتتى. ھۆ-
كۈمەتكە ئەرز قىلسا سوراپ بەرمەيتتى. يۇرت مەھەللىلەردە
قونۇپ يەپ - ئىچكەن قوي، توخۇ، تۇخۇم، ماي، ئاش، نان
قاتارلىقلارغا بىر پۇڭمۇ ھەق بەرمەيتتى. ھەشقاللا رەھمەتمۇ
دېمەيتتى.

1920 - يىلدىن تارتىپ قانخور ياڭ زېڭشىنىڭ جاڭ
تۇڭلىڭ (ھازىرقى باتالىيونغا تەڭ) باشچىلىقىدىكى 800 دىن
ئارتۇق چېرىكى تىكەنلىكتە 8~9 يىل تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئاشلىق، ماي، كالا، قوي، ئوتۇن، توخۇ، تۇخۇم قاتارلىق تە-
مىناتلىرى خەلقتىن ھەقسىز ئېلىناتتى. چالا-شىلىك شىمەي
بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بولاڭچى ئەسكەرلىرىمۇ
بارلىق تەمىناتلىرىنى خەلقتىن ھەقسىز ئالاتتى. ئەگەر كالا،
قوي ئوغۇرلاق بولسا، تىل ئاھانەتلەر بىلەن قايتۇرۇۋېتىپ،
خىللاپ تۇرۇپ سېمىزلىرىنى ئالاتتى. مال ئىگىسى ئۇياقتا تۇر-
سۇن، ھەتتا ناھىيە قورچاق باشلىقلىرىمۇ بۇنىڭغا تېگىشلىك
ھەق بېرىڭلار دېيەلمەيتتى. دېمەك، گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغ-
قان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن دېگەندەك ئىش بولاتتى.

1947 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چارا دېگەن كەنتىدە گو-
مىنداڭنىڭ بىر ئاپتوموبىلى بۇزۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنى قاراشھەرگە ئا-

بېرىپ ياسىتىش ئۈچۈن، خەلققە 60 نەچچە دانە ئۆي كالا ئالۋاڭ سېلىپ، ئاپتوموبىلنى كالىغا سۆرىتىپ كۆنچىگە ئەكەلگەن. دېمەك، 150 نەچچە كىلومېتىرلىق يول ئارىلىقىدا خېلى جىق كالا ئاچلىقتىن ۋە چارچاشتىن ئۆلگەن. بۇنىڭ يول ھەققى ياكى ئۆلگەن، زەخىملەنگەن كالىلارغا بىر تىيىن ھەق بەرمىگەن.

ئىككىنچى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېلىمىز ئالۋاڭ - ياساقلىرى ۋە باجلىرى ھەددىدىن ئاشقان. بۇ توغرىلىق پاكىت ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: لوپنۇردىن چاقىلىققا ئاشلىق يۆتكەشتە (ئۇ چاغلاردا ئاپتوموبىل دېگەن نەرسىمۇ يوق) خەلققە 200 دانىدىن ئارتۇق ئېشەك ئالۋىڭى چۈشكەن. كېيىنچى رايوننىڭ تەۋەسىدىن بۇ 200 نەچچە دانە ئېشەكنى توشقۇزالماي، قورچاق ھاكىمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خەلقنىڭ جاڭگالدىكى ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، 200 نەچچە ئېشەكنى توشقۇزۇپ ئاشلىقنى ئارتىپ ماڭدۇرغان. بۇ ئېشەكلەرنى يەرلىك چۈجاڭ، باۋجاڭلار ھەيدەپ ماڭغۇچىلارغا ئاستىرىتتىن بىلەنلا سېتىۋېتىپ پۇلىنى چۆنتەككە سالغان. نەتىجىدە ئېشەكلەرنىڭ بىرسىمۇ قايتىپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىن سۈرۈشتە قىلىپ ئېنىقلىغىلى بولمىدى، ئۇ قورچاق باشلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولغاچقا، سېتىۋەتكۈچىلار ھېچقانداق جاۋابكارلىققا تارتىلمىغان.

ناھىيىلىك قورچاق ھۆكۈمەت بىلەن قورچاق ساقچى ئىدارىسى ئاتالمىش ئىشلەپچىقىرىش دېگەن نام بىلەن خەلقنىڭ قوي، كالا، يۇڭ، تېرە، پالاز، كىگىز قاتارلىق نەرسىلىرىنى (كۆرپە، ئەلتېرە، قوي، كالا تېرىسى) سېلىق قويۇش ئۇسۇلى

بىلەن ھەقسىز ياكى ئەرزان باھادا تالان - تاراج قىلىپ كەلگەن. ئاچكۆز باجگەرلار خىلمۇ - خىل ۋاسىتىلەر بىلەن كۆرگەنلا نەرسىگە باج ئېلىپ خەلقنى خالىغانچە بۇلاپ تالىغان. بىچارە خەلق زىيان زەخمەتتىن زادىلا باش كۆتۈرەلمىگەن.

ئۈچىنچى. لوپنۇر خەلقى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان بولۇپ، بولۇپمۇ كۇچارلىق خوجا - ئىشانلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن. مەسىلەن: كۇچار خوجىلىرى شايار ئارقىلىق لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دۆڭقوتان يېزىسىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇپى ئارقىلىق چوڭكۆل، تېيىز كۆل، چارە، يېڭىكۆل، ئۇلۇغكۆل ۋە كۆزلەك قاتارلىق مەھەللە - يېزىلارغا ھەر يىلدا بىر قېتىم كېلىپ، ئالدامچىلىق قىلىپ خەلقنىڭ يامبۇ، كالا، قوي، پۇل، كىگىز، پالاز، ئارقان، ھەتتا ئاياللارنىڭ ھالقا زىرە، بىلەيزۈك قاتارلىق ماددىي نەرسىلىرىنى ئەللاھى ئامىنىلا ئېلىپ كېتەتتى.

تۆتىنچى. فېئودال پومىشچىك ۋە مۇشتۇمزورلارنىڭ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا كەلسەك بۇ تېخىمۇ پاجىئەلىك. مەسىلەن: كۆپ ساندىكى ياخشى يەر ۋە يايلاقلار ئاساسەن باي پومىشچىكلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار ئىشلىمەي چىشلەيدىغانلار بولۇپ، يىللىقچى، ئايلىقچى، كۈنلىكچى ئىشلىتىش، يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ، مەھسۇلاتنىڭ 80% نى ئېلىۋېلىش، ياخشى يايلاقلارغا ئىگە بولىۋېلىپ، مال-چارۋىلىرىنى باقتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، يىلىكىنى شوراپ، تۈزۈكرەك كۈن كۆچۈرۈش پۇرسىتىدىن

ھرۇم قىلاتتى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئىشلىسىمۇ، قورسىقى
يغۇدەك تاماق يىيەلمەيتتى، بويىنى ياپقۇدەك كىيىم كىيەل-
مەيتتى. بۇنداق تەڭسىزلىك ھادىسىلەر نەتىجىسىدە، خوجايىنلار
زۇپ - چېچىپ ئەيش - ئىشرەت كەيپىنى سۈرەتتى.
قسۇللار ئاچىزارلىق ۋە مۇختاجلىقتا ئەجلىدىن بۇرۇن ھەسرەت
ادامەتتە دۇنيادىن ئۆتەتتى.

بەشىنچى. ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ قاقتى سوقتى قىلىشى
وپنۇر خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ قىيىن تۇرمۇش
ەچۈرۈشىگە ئاساسىي سەۋەب بولۇپ كەلگەن ئامىللارنىڭ بىرى.
وپنۇر خەلقى ئەزەلدىن يۇۋاش، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل، كەڭ
ورساق ۋە ساددا خەلق بولۇپ، سودا - تىجارەت بىلەن ئە-
ەلدىن تارتىپ كۆپ شۇغۇللانماي كەلگەن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى،
ۇلار سودىگەرچىلىك دېگەن ھايانكەشلىك قىلغانلىق بولۇپ،
ىر پۇلغا ئېلىپ، ئىككى پۇلغا سېتىپ، تاپقان پۇل ھارام
دەپ قارايتتى. شۇڭا، لوپنۇر ئەھلىدىن سودىگەر - تىجارەتچى
چىقمايتتى، ياكى يوق دېيەرلىك ئىدى.

كونا جەمئىيەتتە ماتا - چەكمەن بولۇپمۇ ئەرلەر ئۈچۈن
ئاساسەن ياخشى كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى ھېسابلىناتتى. ھايان-
كەش سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىن ماتا - چۇتا، سەرگەز،
چەكمەن ئېلىپ كېلىپ، بىر ماتانى بىردىن پاقلان قويغا، 2
ماتانى بىر چوڭ ئەركەك قويغا، 3 ماتانى ياكى چەكمەننى
بىر تەخەي ئېشەككە ئالماشتۇراتتى، نەتىجىدە بىرەر مىڭ دانە
ماتا، چەكمەن ئېلىپ كەلگەن مەككەر سودىگەرلەر كۈز پەسلىدە
5~6 يۈز قوي، ئۆچكە ۋە بىر قانچە ئون ئېشەك ھەيدەپ

ىتەتتى. لېكىن خەلق ئالدانغانلىقىنى ۋە زىيان تارتقانلىقىنى
ىلىپ تۇرسىمۇ، «تۇشغارازى» دەپ قويۇپلا بولدى قىلاتتى.
ۇ — ماڭا قانچىلىك نەرسەڭ ئۆتكەن بولسا، ئالغان نەرسەڭ
ۇنىڭ بەدىلىگىلا باراۋەر بولسۇن، ئاشقىنى گەردىنىڭدە قالدى
ېگەنلىكتۇر. لوپنۇر خەلقى يۇقىرىدىن جاۋا چەككەن تۇقۇشتىن
اشقىسىنى بىلمەيتتى. بىلسىمۇ «بەرگەن كۆڭۈلگە شۈكرى»
ەپلا، قانداقتۇر «پەشانىمگە پۈتۈلگەن» كۆڭۈلگە رازى بولۇپ،
ۈرەۈشنى ياخشىلايدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايتتى. لوپنۇر
ەلقى ئەزەلدىن زىرەك، ئەقىللىق، قائىدىچان خەلق بولۇپ،
اقتى - سوقتى قىلىش، باشقىلارنى بوزەك قىلىپ، ئىقتىسادىي
ەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىشتەك بولمىغۇر قىلىقلار بىلەن
ادىلا شۇغۇللانمايتتى. لوپنۇر خەلقىدىن ئوغرى - بۇلاڭچى ۋە
الدامچى قاتارلىق ئادەملەر چىقمايتتى. بەزىلەر لوپنۇر خەلقى
انداقتۇ «ياۋايى» خەلق، ئادەمنى كۆرسە قۇمۇشلۇققا كىرىۋا-
دۇ، دەپ چۆچەك قىلىشقان. لوپنۇردا ئەزەلدىن ياۋايى ئادەم
ۆرۈلمىگەن. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى كۆرگەندە ئۆز-
رىنى دالدىغا ئېلىپ قېچىشى، قانداقتۇ ياۋايىلىقتىن بولماستىن
ال - مۈلۈكىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە، بۇلاڭ-تا-
لىڭغا ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغان-
لىقى دەپ چۈشەنسەك، بۇ تازا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

لوپنۇر خەلقىنىڭ شىۋىسى قۇلاققا يېقىملىق بولۇپ، ئا-
اسەن چەت تىللار ئاز سىڭگەن دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئە-
ەب پارس تىللىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لوپنۇر خەلقى
1-11- ئەسىرلەردىن بۇيانقى تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى ساپ

ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئۆز مىللىي ئانا تىلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى يازغان دۇنياغا مەشھۇر «سۇتۇق بۇغراخان» دېگەن تارىخىي رومانىنى ئوقۇغان ئادەم بۇ ئەسەرنى ئاساسەن لوپنۇر شېۋىسى بىلەن يازغان ئوخشايدۇ دېگەن تۇيغۇغا كېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ يولداش سەيپىدىن ئەپەندىم بۇ رومانغا ئەرەب ياكى پارسچىدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قوشمىغان.

لوپنۇر خەلقى ئەزەلدىن مېھماندوست، مەردانە خەلق بولۇپ، ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن مۇساپىرلار ياكى ئۆتكۈنچى يولۇچىلار ئۇيگە مېھمان بولۇپ چۈشسە، ئات ئۇلاغلىرى بىلەن 4-5 كۈن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئوبدان كۈتۈپ مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئادەم ۋە ئات ئۇلاغنىڭ يېگەن ئىچكەنلىرىگە بىر تىيىنمۇ ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ناماز ئوقۇپ دۇئا تىلاۋەت قىلسىلا، بەلكى خېلى پۇللۇق نەرسىلەرنى ئۇلارغا دۇئا قىلدۇرۇپ رەھمىتىنى ئالىدۇ.

لوپنۇر خەلقى خۇشچاقچاق، ئوچۇق - يورۇق، راستچىل، ئېقىل - ئىدرەكى، زېھىن قابىلىيىتى ئۆتكۈر خەلق بولۇپ، ھېكايىچى، مەسەلچى، تەمسىلچى، قوشاقچى، نەزمە بېيىتچى، چۆچەك، يۇمۇرچى ۋە ھەجۋىچى كېلىدۇ. بىر ۋەقەلىكنى كۆرسە ياكى ئۇنىڭغا قىزىقسا، ئۇنى دەرھاللا قوشاققا قوشۇۋېلىپ، بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەل ئوبرازلاشتۇرۇپ، تولۇق تەسۋىرلەپ، ئاجايىپ قىزىق، كۈلكىلىك ۋە چۈشىنىشلىك بىر كومېدىيىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنداق كونا زاماندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي جەھەتتىكى بايلىق لوپنۇر ئەھلى

ئەمچىدە ھازىرغىچە تولۇق قېزىلماي ۋە ئېچىلماي كېلىۋاتىدۇ،
بىر قىسىم پېشقەدەملەردە قىسمەن ساقلانماقتا. مۇناسىۋەتلىك
ئورۇنلار دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، مەخسۇس خادىم بەلگىلەپ،
بۇ بايلىقنى يىغىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭغا تېزدىن ۋارىسلىق قىلىشى،
بۇ قىممەتلىك مىراسنىڭ يەر تېگىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشى لازىم. بولمىسا ئاز كۈندە بۇ بايلىقنى ساقلاۋاتقان
پېشقەدەملەر كۆز يۇمۇپ تۇپراققا بىللە ئېلىپ كىرىپ كېتىشى
تۇرغان گەپ.

لوپنۇر خەلقى جىسمانى قۇرۇلۇش ۋە يىگۇرا پورتىرىت،
تەن سىياقى تۈزۈلۈشى جەھەتلەردە تەبىئەل داراز بوغان، سا-
قاللىق، چوڭ قۇلاقلىق، چوڭ كۆزلۈك، قاش كىرپىكلىك، قارا
چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئېگىز بويلۇق، قاڭشالىق ۋە قەددى-
قامەتلىك ساغلام كېلىدۇ. ئاياللىرىمۇ ئۇستىخانلىق،ساغلام، ئىش-
چان كېلىدۇ. ئىش قىلىشتا ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ. جاپا-مۇشەق-
قەتتىن قورقمايدۇ. ئەرلەر ئوۋ ئوۋلاش، تۇزاقچىلىق قىلىپ
توشقان، قىرغول، جەرەن،بۇغامارال، تۈلكە،مولۇن قاتارلىقھايۋان-
لارنى تۇتۇپ جان بېقىشتا تەسەۋۇپ قىلسا، ئاياللىرى يۇڭ ۋە
ياۋا چىگىدىن يىپ تەييارلاپ پالاز، چەكمەن، تاغار، خۇرجۇن
قاتارلىق تۇرمۇشقا لازىملىق بۇيۇملارنى توقۇيدۇ. ياكى سېتىپ
باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ئىشلىتىدۇ. بورا توقۇش، كىگىز
بېسىش، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق، تېرە پىششىق-
لاپ جۇۋا تىكىش، جوۋازچىلىق، تۇماقچىلىق قاتارلىق ئۇششاق
قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. لوپنۇر رايونى ئەتراپىدىكى
قورغاق، قۇمساڭغۇ، ھۆل - يېغىن ئاز زېمىن بولغاچقا، رىماتى-

زىم قاتارلىق ھۆلچىلىكتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر ئاز كۆرۈلىدۇ. لوپنۇر خەلقىدە پۇت ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى ياكى ئۈستىخان كېسەللىكلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. كۆل سۈيى بار جايلاردىكى خەلقلەر ئازدۇر - كۆپتۇر قۇدرىتى يەتسە بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ. بېلىق مېيى ئىستېمال قىلىدۇ. بېلىقنى تورقا ( بۇ ئۆسۈملۈك ئاساسەن تاغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ) دېگەن ئۆسۈملۈكتىن مەشۈت ئېلىپ، يىپ قىلىپ، تور ( يەرلىك شىۋىدە گۆلمە ياكى مانجار دەيدۇ) توقۇپ تۇتىدۇ. ئۇنى ھەممىلا ئائىلە ۋە ھەممىلا ئادەم قىلالمايدۇ. شۇڭا، بېلىقنى ھەممىلا ئائىلە ياكى ھەممىلا ئادەم ئوخشاش يېيىشكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بېلىق تۇتۇشنى بىلىدىغان ۋە گۆلمە مانجارغا ئىگە بولالىغان ئادەملەرلا بېلىق تۇتالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ لوپنۇر خەلقى سالامەتلىك جەھەتتە بېجىرىم بولۇپ ئۇزۇن ياشايدۇ. ئادەتتە ئەرلەردىن 100 ياشتىن ئاشىدىغانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاياللارمۇ 100 يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەر - ئايال 80-90 ياشقا كىرىدۇ. چىشلىرى ئاسان چۈشۈپ كەتمەيدۇ. گاس ۋە ئەمالار ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تېببىي تىبابەتچىلىك جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كەلسە، لوپنۇر خەلقىدىكى بۇنداق ئارتۇقچىلىقلار بىرىنچىدىن زېمىنى قۇرغاق، ئىككىنچىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر بېلىق يېگەنلىكىنىڭ پايدىسىمىكىن دېيىشكە بولىدۇ.

مەدەنىي - مائارىپ جەھەتتە 1930 - يىللاردىن بۇرۇن، لوپنۇر رايونىدا زامانىۋى بىلىم يۇرتى ياكى پەننىي مەكتەپ يوق بولۇپ، پەقەت مەسچىت ۋە خانىقالاردىلا ئاز بىر قىسىم

بالىلار (قىزلار بولمايتتى) قوي ياكى ئوغلاق تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ (قىز بالىلار بولمايتتى) كالا تاغىقى، ياغاچ تارشىلارغا پۈتۈلگەن ئايەتلەرنى يادلاپ ئوقۇيتتى. پەيشەنبىلىك بېرەلمىگەنلەر جازالىناتتى. بالىلار شوخلۇق قىلسا پالاققا تارتىلاتتى ياكى قىل (ئات قۇيرۇقى) يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇرۇلاتتى. ياكى يالىڭاچلاپ ھاپاشقا ئالدۇرۇپ ھۆل چىۋىق بىلەن دۈمبىسىدىن قان چىققۇچە ئۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئوقۇش قوللانمىسى ئاساسەن ھەپتىيەك، قۇرئان، ھەدىس، ۋاقايەت ئىسلام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي كىتابلار بولۇپ، بۇنى يادلىۋالغان موللا - تالىپلار ئەرەب - پارىس تىللىرىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. موللىلارمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. بۇنداق مەدرىسلەردە ئوقۇپ چىققان خەلپىتىملەر ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن كارى بولمىغاچقا، ئۇيغۇرچە ئىملا بىلەن خەت يېزىشقا مۇيەسسەر بولالمايتتى. ھەتتا جاھانغا نامى كەتكەن داموللاملارمۇ ئاددىي سالام خەت يازالمايتتى. بەزى مەھەللە يۇرتلاردا، خەلق سالام خەت ياكى ئەرز شىكايەت ۋە ھۆججەت تىلخەتلەرنى يازدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈكچى تاپالماي بېشى قېتىپ ئىلاجىسىز قالاتتى. قىسمەن مەھەللىلەردە بەختكە يارىشا بىرەر پۈتۈكچى بولۇپ قالسا، خېلى يىراق يوللاردىن ئالاھىدە ھەشەمەت بىلەن كېلىپ، سالام خەت ياكى ئەرزلىرىنى يازدۇرۇپ كېتىشەتتى. مانا بۇ جانلىق پاكىتتىن كونا جەمئىيەتتە خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ جەھەتتە نەقەدەر نادانلىق ۋە قالاقلىق ھالەتتە قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1932 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ھەر قايسى جايلاردا، ھۆكۈمەت قارمىقىدا يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ يۇرتىمىزغا ئۈرۈمچى شىفەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىن ئوقۇپ كەلگەن مۇنەۋۋەر مۇئەللىملەر تەدرىجى كېلىشكە باشلىدى. ناھىيە مەركىزى كۆنچى شەھىرى ۋە تېكەنلىك رايونلىرىدا ھۆكۈمەت قارمىقىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىلدى. كۆنچى ۋە تېكەنلىك رايونى ۋە باشقا يېزا ـ كەنتلەردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان خېلى كۆپ زىيالىي ياشلار ئىلىم ـ پەندىن چوڭقۇر بەھرىمەن بولۇپ، ھەر جەھەتتىن يېتىشىپ چىقىپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ خىزمەت قىلماقتا. مەسىلەن: مەخمۇتجان ئاسىم، جۈنەيد بەكرى، غوپۇر ياقۇپ، ياقۇپ سېلىم، ئوسمان ئىمىن، ھاۋۇت ئابدۇللا، ھاشىم سەمەت، تاھىر ئەخمىدى، ساتتار مۇھەممەت، ياسىن ئاسىم، مۇسا تۆمۈر، ئىسمايىل تۆمۈر، مۇھەممەت سىيىت، قادىر ئۆمەر ۋە باشقىلار.

1933 ـ يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئورگان خەلقنى ئاقارتىش جەھەتلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يېزا ـ قىشلاقلاردا مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ھەر جەھەتلەردىن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى جانلىنىپ كەتتى. بۇ خەلق تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى ئىقتىسادىي مەنبەسى ئۆشرە ـ زاكات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت

بولۇپ، ھۆكۈمەت قارمىقىدا مەكتەپ ئېچىلمىغانلىقى بارلىق يېزا - كەنتلەردە ۋە ھەتتا 10~20 ئۆيلۈك ئاھالىسى بار كەنچىلىك مەھەللىچاقلاردىمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەنلىكى ئوغۇل - قىزلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ قانخور شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خالىس ياردىمى بولغانلىقتىن) مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى خېلى ياخشى راۋاج تاپتى. ئوقۇش يېشىدىكى بارلىق باللار مەجبۇرى مەكتەپكە ئېلىندى. مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى بىر دەۋرگىچە راۋاجلىنىپ ياخشى رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن قانخور شىڭ شىسەينىڭ يالغان ئەپتى - بەشىرىسى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى بۆشۈگىدىلا بوغۇپ تاشلاپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى چەكلەپ، مەشھۇر مائارىپچىلار، مەرىپەتپەرۋەر ئىلىم ئەھلىلىرى، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەدەنىي - مائارىپنى قوللاپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن خالىس قوللىغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئارقا - ئارقىدىن تۇتقۇن قىلىپ، زىندانلارغا تاشلاپ، قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا سانائىي نەفىسە ئىشلىرىمۇ بىر مەھەل راۋاج تاپتى. ناھىيە مەركىزى كۆنچى شەھىرى بىلەن تىكەنلىك رايونلىرىدا مەخسۇس سانائىي نەفىسە مۇئەسسەسەلىرى تەشكىل قىلىنىپ، تىياتىر ئىشلىرى جانلىنىپ كەتتى. «ئوسمانجان - پاشاخان» دېگەن قىزىق كومېدىيىنىڭ ھەجۋىي سەھ-

نە ئويۇنى بەرگەنچى بولۇپ تىكەنلىكتە ئوينالدى. زال - كۆ-
لۈپلارغا بەزى چاغلاردا تاماشىبىنلار سىغماي قالدى. تىكەنلىك
رايونىدىن ھالقىپ چەت مەھەللە - كەنتلەرگىمۇ بېرىپ ئويۇن
كۆرسىتىش ئىشلىرى قانات يايدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خىلمۇ-
مۇ - خىل سەھنە ئەسەرلىرى قويۇلۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىز-
غىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ پائالىيەتلەر خەلققە مەنى-
ۋى جەھەتتىن كۆپچىلىك ئوزۇق بولدى. خەلق مەدەنىي
ئاقارتىش ئىشلىرىغا رازمەنلىك بىلەن ھەر
جەھەتتىن ماددىي ياردەم ۋە ئىلھام تەقدىم قىلىپ تۇردى. نە-
تىجىدە يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ناھىيىمىزنىڭ
زامانىۋى تەرەققىيات ۋە مەنىۋى قىياپىتى، خەلقىمىزنىڭ روھى
ھالىتىدە خېلى ياخشى ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلار بارلىققا كېلىپ،
تارىختىن قېپقالغان جاھالەتلىك، قالاقلىق، نادانلىق، ساۋاتسىز-
لىق ئالامەتلىرى خېلى ئازىيىشقا باشلىدى.

1937 - يىللىرى قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئوردۇلىغا
5 ~ 6 يۈز كىشى سىغارلىق ئىككى چېتىمدە 4 ~ 5 ئېغىزلىق ئۆيى
بار، شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىغا قارىغاندا خېلى زامانىۋى بىر
يۈرۈش كۇلۇپنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش-ئۇيۇشمى-
سى خېلى جىق چىقىم بىلەن سالدۇرغان ئىدى. بۇ كۇلۇپتا چوڭ
يىغىنلار ئېچىلىشتىن تاشقىرى، ئۇيۇشما ۋە مەكتەپ بىرلىشىپ
ۋاقتى- ۋاقتىدا ھەرخىل تىياتىرسىدايى نەفىسە ئويۇنلىرى ۋە كومې-
دىيىلىك ئۇسسۇل كانسېرتلارنى قويۇپ تۇراتتى. بەختكە قارشى
لوپنۇر ناھىيە) مەركىزى كۈنچى شەھەرىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ -
نىڭ بىر ۋوتا ئەسكىرى ھەر كۈنى خەلقتىن ئالىدىغان 2

دىن قويىنى، باشقا بايرام كۈنلىرى كۆپەيتىپ ئالاتتى. بۇ قويلار بارغانچە كۆپىيىپ 2 ~ 3 يۈزگىچە يېتەتتى. بۇ قويلارنى ھايىنىغا سېتىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى. قويىدىن باشقا 5 ~ 10 دانە كالا قىلغان ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۈلۈپنى ئەپچىل جاي دەپ قاراپ، ئاخىرى كۈلۈپنى قوي، كالا قوتىنى قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامما قەرەللىك كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تىياتىر، كىنو، كانسېرتلاردىن مەھرۇم قالدى.

ئەكسىيەتچىلەر خەلقنى ئېزەلىدىن نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەنلىكتىن، كۈلۈپنى مەقسەتلىك ھالدا قوتان قىلىش ئۇچۇن ئارتىۋالدى. بۇ، مۇتەھەملىك تاكى ئازادلىققىچە داۋام قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كۈلۈپنى خەلق قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

لوپنۇر خەلقى تارىختىن بۇيان سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ ياشاپ كەلگەن. سۇ قەيەرگە ئاقسا خەلقمۇ شۇ يەرگە ئاققان. يەرلەرگە ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇ قويۇپ مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئامان بولمىغان. خەلق بۇ يېتىشسىزلىكتىن باغ - ۋاران قىلىشقا ئامالسىز قالغان. سۇ يازلىقى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قىشلىقى كېرەكسىز ۋاقىتتا كەلگەن. نەتىجىدە زىرائەت ۋە باغ - ۋاران، دەل - دەرەخ قۇرۇپ كېتىشتەك تەبىئىي ئاپەتلەر لوپنۇر خەلقىگە تەھدىت سېلىپ كەلگەن. يەردىن چىققان ئۈنۈمسىز ئاشلىققا غەللە - پاراق بەرگەندىن باشقا، ئۆشرە - زاكاتنى ئۆيۈشما يىغىۋالغان. بۇغداي ئەمدى سېرىقتال بولغان چاغدا، قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن باجخانىدىن ئالاھىدە مەخسۇس ئادەم چىقىپ، يەرلىك باشلىق ۋە چاپارمەنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرقەمدە تۇرۇپ،

بۇغداينىڭ چىقىش مەھسۇلاتىنى مۆلچەرلەپ بولغاندىن كېيىن،
ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان غەللە - پاراقنى بېكىتكەن. ھوسۇل ئال-
غاندىن كېيىن مەيلى مۆلچەردىكى مەھسۇلات چىقسۇن ياكى چىق-
مىسۇن، ئاشۇ توختام بويىچە بېكىتىلگەن غەللە - پاراق ئېشى-
نى مەجبۇرى تاپشۇرۇش شەرت. تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى كېمەي-
تىپ بەزىسە دەپ يىغلاپ قاقشىغان بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى
بولمايدۇ. 1943 - يىلى لوپنۇرنىڭ يېڭى كۆل دېگەن كەنتىدە
يۈسۈپ شاكىيۇ دېگەن بىر ئادەم كۆنچى دەريا ياقىسىدىكى بىر
پارچە يىنەملىكنى ئۇسا قىلىپ، بۇغداي تېرىغان. ئۇنىڭ بۇغ-
دىيى بىر ئاز ئوخشىغانلىقتىن، غەللە - پاراق خەتلىگۈچىلەر
ئۇنىڭ نالە - زارىغا قارىماستىن 18 مىڭ جىڭ غەللە - پاراق
بۇغداي تاپشۇرۇشنى بېكىتكەن. ئاخىرى ئۇ بىچارە 18 مىڭ
جىڭ ئاشلىق ئالالماي كالا، قويلىرىنى سېتىپ 18 مىڭ جىڭ
ئاشلىقنى ھۆكۈمەتكە ئىلاجىسىز تاپشۇرغان. نەتىجىدە ئۇ بارلىق
ئەسلى ۋەسىلىدىن ئايرىلىپ، دەرت ئەلەمدە ئۆلگەن. بۇنداق زو-
راۋانلىق ۋەقەلەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرى خەلققە
بالا - قازا ئېلىپ كېلەتتى. غەللە - پاراق دېگەن ئۆزگەرمەي-
تتى. مەيلى يەر تېرىلسۇن ياكى تېرىلمىسۇن، تۆمۈر ئاشلىق يې-
لىغا مەجبۇرى قويىدۇرۇلاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى
بولمايتتى. ھەر يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە ھۆكۈمەت تېرىلمە-
غان يەرلەرنىڭ غەللە - پاراق ئاشلىقىنى كەم - كۈتىسىز ئالات-
تى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار تېرىلمىغان ياكى كەم ھوسۇل، قۇ-
رۇق يەرگە ھەر يىلى ئاشلىق تاپشۇرۇۋېرىپ مال - مۈلكىدىن

ئايرىلىپ كېتەتتى.

ئەمدى قىسقىچە لوپنۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى توي - تۆكۈن رەسمىيەتلىرى ۋە ئۆلۈم - يىتىم مۇراسىملىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى: لوپنۇر رايونىدا فېئودال كونىلىقنى ساقلاش، خۇراپاتلىق ۋە قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن بېكىنمىچىلىك ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن. خۇراپىي ئۇقۇتمىنەزەرلەر كاساپىتىدىن خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە دۇنيا قارىشى ئۇزاق مۇددەت ئېسكەنجىگە ئېلىنىپ، نادانلىق ئاسارىتى ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. شۇڭا، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مەئىشىتى ئەنە شۇ كونىلىق ۋە قالاقلىق سەزىقىدىن بۆسۈپ چىقالمىغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەسمىيەتلىرىمۇ ئاجايىپ - غارايىپ بولغان. شۇنداقلا توي مۇراسىملىرىمۇ مۇرەككەپ ئۆتكەن. مەسىلەن: قىز بويىغا يەتمەستە ئوغۇل ۋە قىز تەرەپ ياكى ئەل-ئاغىنە ۋە قوشنا - قولۇم مۇناسىۋىتى بىلەن قىز ئوغۇل تەرەپكە ھەر جەھەتتىن لايىق دەپ ھېسابلانسا، توي قىلماستىن 4~5 يىل بۇرۇن «قۇنۇقلۇق تۇتتۇق» دېگەن نام بىلەن قىزنى ئوغۇل تەرەپكە تەۋە قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باشقا تەرەپ سۆز ئاچالمايدۇ. شۇڭا قىز قاچان توي بولغۇچە شۇ يىگىتكە چېتىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن قىز بويىغا يەتتى دەپ ھېسابلانغاندا، ئوغۇل تەرەپتىن رەسمىي قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىلىدۇ. ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە قىزنىڭ سۈت ھەققى دېگەن نام بىلەن مانچە يامبۇ، مانچە كالا، مانچە قوي بېرىلسۇن دەپ شەرت قويىدۇ. بۇنداق شەرت قويۇش كونا جەمئىيەتتە بەگ، غېنى باي، يۈز ئابروي-

لۇق پۇلدارلارنىڭلا قولىدىن كېلەتتى. كەمبەغەللەر ئۆز ئەھۋا-
لىغا يارىشا توي قىلىشاتتى. ئىككىنچى قەدەمدە قىز تەرەپ
ۋەكىللىرى بىلەن ئوغۇل تەرەپ ۋەكىللىرى داستىخان ئۈستىدە
سوت ھەققىدە تۆلەيدىغان ماددى ۋە جانلىق چارۋىلار ئۈستىدە-
دە كېلىشىپ پۈتۈشىدۇ، پۈتۈشكەندىن كېيىن چىللاق چاي ئۆتـ-
كۈزۈلۈپ، قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان-
لىرىنى مېھمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز لايىقىدا «ھال ئېشى»
دېگەن نام بىلەن سويۇلغان پۈتۈن قوي گۆشى ھەر قايسىسىغا
تارتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 4 نان بىلەن ئاتا - ئانا ۋە ئۇ-
رۇق - تۇغقانلىرىغا بىرەر كىيىملىكتىن گەزلىمە رەخت قويۇ-
لىدۇ. ئەمدى رەسمىي توي قىلىشلا قالىدۇ. لېكىن تويى بولغۇ-
چە قىزنى يىگىتكە كۆرسەتمەيدۇ، پەقەت ئىككى تەرەپ ئاتا -
ئانىنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىپ پۈتۈشىشى بىلەنلا ھەل بولىدۇ.
قىز - ئوغۇلدا نىكاھ ئەركىنلىكى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن قىز
تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە تويلۇق سالىدۇ. پۇلدار غېنىلار بولسا
ئالتۇن ھالقا، قاما تۇماق، بورتمشال ياغلىق، تاۋار - دۇر-
دۇن، كىمخاپ، تەيتەللا، شاھىخادەن قاتارلىق ئېسىل رەختلەر-
نى تەييارلاشقا زورلايدۇ. ياكى يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنى تەق
قىلىشقا شەرت قويىدۇ. يىگىت تەرەپ بۇلارنى ھازىرلىشى كې-
رەك. ئاندىن قىز ئىگىسىگە كالا، قوي، گۈرۈچ، ئۇن، ماي،
ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قىز ۋە ئوغۇل-
نىڭ ئۆيىدە ئوخشاشلا توي زىياپىتى ھازىرلىنىدۇ. داقا - دۇمباق
ھەشەمەت بىلەن توي مۇراسىمى باشلىنىدۇ. دىنىي مۆتىۋەر ۋە
يۇرت كاتتىلىرى ئەل جامائەت ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئالى-

دۇ. ئاش پولو ۋە دۇمبە - دۇمبە گۆشلەر تارتىلىدۇ. ئەلچى-
لەر قىزنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، قازى ئاخۇنۇم
نىكاھ ئوقۇيدۇ. قازى ۋە دىنىي مۆتىۋەرلەرگە رەخت ۋە باش-
قا نەرسىلەر بىلەن تارتۇق قويۇلىدۇ. قىزنىڭ يېڭى كىيىملى-
رىنى كەيدۈرۈپ «كۆدەن» لىكلىرى (بۇ قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل
تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىغان تەئەللۇقاتلىرى) بىلەن مە-
پە ياكى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋە ياكى ئاتقا مىندۈرۈپ يۆت-
كەپ كېتىدۇ. قىز يول بويى يىغلاپ ماڭىدۇ. ئەگەر يىغلىمىسا
سۆز - چۆچەككە قالىدۇ. قىز قېيىن ئاتىسىنىڭ چوڭ دەرۋازى-
سى ئالدىدا مەخسۇس قالانغان ئوتتىن ئاتلىتىلىپ، ئۆت يەڭگە
گېلەمگە ئېلىپ ئۆت تەرەپتىن كۆتەرگەن پېتى ئۆيگە ئېلىپ
كىرىدۇ. يىگىت ئەتىسى بىر پېشقەدەمنىڭ ھەمراھلىقىدا قېيىن
ئاتىسىنىڭكىگە سالامغا بارىدۇ. قېيىن ئاتا تەرەپ كۈيئوغۇلغا
بىر قۇر كىيىم كەيدۈرىدۇ. شۇ ئاخشىمى يوزۇر كىيىنگەن يى-
گىت بىلەن قىز تەڭتۇشلىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە نەغمە-
ناۋا، ئۇسسۇل ھاۋا ئوينايدۇ، ئوغلاق تارتىشىدۇ. قېرى-لارمۇ
بۇ مەشرەپكە ئىشتىراك قىلىدۇ، ۋەهاكازار. دېمەك، لـوپنۇردا
توي قىلماق بەك تەس. قىز قىممەت بولۇپ، ھاللىق كىشىلەر
ئوغلىنى ۋاقتىدا قورامىدا ئۆيلەيدۇ. لېكىن كەمبەغەللەرگە بەك
تەس. بۇمۇ فېئوداللىق جاھالەت تۈزۈمىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن
بالايى ئاپىتى. لېكىن ئازادلىقتىن كېيىن بۇنداق ئەھۋاللار
ئۆزگەرگەن. قىز - يىگىتلەر مۇھەببەت باغلاش ئارقىلىق، ساپ
مۇھەببەت ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ رازىمەنلىك بىلەن توي
قىلىدىغان ئىلغار كەيپىيات شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر

لوپنۇردا تويى قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمدى ئۆلۈم - يېتىم ئۈستىدە قىسقىچە توختىلايلى: كونا جەمئىيەتتە كېسەل بولغان ئادەم ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرگە قالاتتى. كېسەل بولۇشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلاشقا قادىر بولالمىغان، بۆگەكتىن تارتىپلا خۇراپىلىق بىلەن قايمۇقتۇرۇلغان بىچارە خەلق، كېسەلگە، ناھايىتى ئاددىيلا دىئاگنوز قوياتتى. مەسىلەن: شامال تېگىپتۇ يەي، ئۇلۇغلارنىڭ ۋە مازارلارنىڭ نەقسىراتىغا كېتىپتۇ يەي، جىن - ئالۋاستىسى چېقىلىپتۇ يەي. كۆز تېگىپتۇ يەي دېگەنگە ئوخشاش ئاساسسىز سۆزلەر بىلەن، ياكى ئەجەلى توشۇپتۇ، رىزقى تۈگەپتۇ دېگەندەك قارىغۇلارچە ھۆكۈم قىلىش بىلەن مۇسىبەت ئىگىلىرىگە تەسەللى بېرەتتى. كېسەلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قوي، كالا سويۇپ نەزىر چىراغ قىلىدۇ. ياكى مازايى ماشايىقلار ۋە ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ قوي، كالا، ئات قاتارلىقلارنى دۇئاگويلارغا دۇئا قىلدۇرىدۇ. تېۋىپلارغا نۇرغۇن پۇل ھەجلەپ، ئۇ چاغنىڭ ئەڭ ئېسىل دورىسى بولغان ئىسكەنجەۋىل (ئۈزۈم سىركىسىنى شېكەر بىلەن قاينىتىپ تەييارلانغان سۇيۇقلۇق مەلھەم) ئىچىرىدۇ ياكى سانا (سورگە) ئىچۈرىدۇ. سانانى خام سۈت بىلەن قاينىتىپ ھازىرلايدۇ. بۇنى ئىچكەن بەزى كېسەللەر ئىچى سۈرەلمەي قورسىقى كۆپۈپ كېتىپ ئۆلىدىغانلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بەختكە يارىشا ساقايسىغۇ مەيلى، ئەگەر ئۇزۇن كېسەل تارتسا، ئۇرۇقچى، قاراشەھەلەرگە ياكى ئەسھابۇكەھپكە ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن چىقىم بىلەن داۋالىتىدۇ ياكى خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپ مازارلارغا چې-

راق ياقىدۇ. تىۋىپلەر كېسەلنى غىزادىن ئايرىپ تاشلاپ، تـو-
نۇرغا ياققان يايما چۆپ بىلەن باقىدۇ. (تـۇزسىز) قىسمەنلىـ-
رى ئـۇزۇن مـەزگىـل غىزاسىز قـالغاچقـا، ئـورۇقـلاپ،
قـانسىز ھـالىدىـن كېتىپ ئـۆلـۈپ كېتىدۇ. مـانا بـۇ
«تەقدىردىن كەلگەن ئەجەل» گە بىچارە ئاتا ـ ئـانا يىغلاپ
قاخشاپ تەن بېرىپ، قازا يەتكەن ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئەلەم،
مۇپتى، قازى، ئىمام ۋە مەزىنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يۇيۇپ تا-
راپ ئۇزىتىدۇ. ئاخىرەتلىك تەييارلاش، كېپەنگە ئوراپ نامىزى-
نى چۈشۈرۈش جەريانىدا، دىندارلارغا تاختىلاپ ياكى يېرىم تاخ-
تىلاپ چاي ۋە ئەھۋالغا قاراپ نەق پۇل قويىدۇ. نامىزىنى چۈ-
شۈرگۈچىگە ناماز ھەققـى ئۈچۈن كالا ياكى قوي بېرىدۇ. ئان ـ
دىن 3~7 ۋە قىرقى ھەم يىللىق نەزىرلىرىنى قالدۇرماي ئۆت ـ
كۈزىدۇ. بىچارە مۇسىبەتچىلەر كېسەلنى داۋالىتىش، ئۆلۈمنى ئۇ-
زىتىش، نەزىر چىراغلىرىنى بېرىشتەك رەسمىيەتلەر بىلەن، نە-
تىجىدە مال ـ مۈلكى ۋە قوي، كالىسىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ.

تارىختىن بۇيان لوپنۇر خەلقىگە ياۋا چېچەك بىلەن قا-
را كېزىك جىق بالايى ـ ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. بۇ كېسەللىك-
نىڭ يۇقۇمچانلىقى كۈچلۈك، تارقىلىشى تېز بولۇپ، بىر مەھەل-
لىدە بىر ـ ئىككى ئادەم شۇ كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولسا،
بىر نەچچە كۈندىلا بىر مەھەللىنى قاپلاپ كەتكەن. بۇ رەھىمسىز
ۋابائىلاھىنىڭ كاساپىتىدىن كۆپچىلىككە كېسەل يۇقۇپ قىرىلىپ
كېتىشتەك پاجىئەلىك ۋەقەلەر دائىم بولۇپ تۇرغان. كېسەلپەي-
دا بولۇش بىلەنلا كىشىلەر شۇ مەھەللىنى تاشلاپ باشقا جايلار-
غا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ياۋا چېچەك دېسە كىشىلەر

ئەزەلدىن قورققاندەك ۋەھىمىگە چۈشكەن. قارا كېسەلدەك تېخىمۇ بالايى - ئاپەت بولۇپ، كۆپ كىشىلەرنىڭ ياش جېنىغا ۋاقىتسىز زامىن بولغان. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىش، قانداق ئېمىلەپ ئالدىنى ئېلىش، قانداق داۋالىنىش، كېسەلنىڭ مىكروبىنى قانداق قىلىپ يوقىتىشتەك چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە باش قاتۇرمىغان ۋە ئۇنداق قىلىشقىمۇ ئىقتىدارى كەمچىل بولۇپ چارىسىز قالغان، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش ياكى ساقىيىش، خېيىم - خەتەرگە ئۇچراش، كۈتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتكە يولۇقۇش پېشانىگە پۈتۈلگەن «تەقدىر» دىن بولىدۇ — دېگەندەك خۇراپىي ئىدىيىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن بەنت بولۇپ، كېسەلگە سەۋەپ قىلىش، ئىزدىنىش، ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشتەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان. قىسمەن شۇغۇللانغۇچىلار قانداقتۇر «تەقدىر» گە پۈتمەيدۇ — دەپ ئەيىپلەنگەن. سوقۇر ئۈچەي كېسىلى ۋە ئۆتتە تاش پەيدا بولۇش كېسەللىكلىرىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەن. سوقۇر ئۈچەي كېسىلىدە، ۋاي! بىقىنىمغا يەل تۇرۇۋاپتۇ دېگەن بىلەنلا 3 كۈن ئىچىدە قىينىلىپ جاندىن تۈگىشەتتى. كونا جەمئىيەتتە ئەنە شۇنداق كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن نەۋقىران قىز - يىگىتلەر ئاز بولمىغان. ھازىرقى زامانىۋى تىببىي تېبابەتچىلىك ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىي جەھەتلەردە بىر ئاز ساۋادى بار كىشىلەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەجەلىدىن بۇرۇن كۆز يۇمغانلارغا ئەلۋەتتە ئىچى ئاغرىيدۇ، لوپنۇر ئاھالىسىنىڭ كونا جەمئىيەتتە نوپۇس جەھەتتىن ئاۋۇيالماي تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈش كۆپ بولۇشتەك ھادىسىلەر ئەنە شۇ تىگىگە يېتىپ بولالمايدىغان «تەلىيىم»

كېسەل ۋابا ئىلاھىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بىمەقار ئاپىتىدۇر.
ياۋا چېچەكنىڭ لوپنۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن ئاپىتىدىن ساق-
لىنىش ئۈچۈن، 1900 - يىللىرىدىن كېيىن، لوپنۇر ناھىيىسىدە
ئەتىيازلىقى پۈتۈن ناھىيە بويىچە باللارغا (چوڭ ئادەملەرگىمۇ)
ئومۇمىيۈزلۈك چېچەك چىكىش پائالىيىتى بارلىققا كەلگەن. چې-
چەك سېلىنغان باللار «پىششىق» دەپ، چېچەك چىكىلمىگەنلەر
«خام» دەپ ئاتالغان. دېمەك، بۇنداق پىششىقلارغا ياۋا چېچەك
ئەسلا چىقمايدۇ. لوپنۇر تىكەنلىك رايونىدىن ئەيسا بەگ (فا-
مىلىسى ئەسھاق) دېگەن ئادەم ئۈرۈمچىدىكى مەخسۇس تەۋىپتىن
چېچەك دورىسى تەييارلاش ۋە چېچەك سېلىش تېخنىكىسىنى ئۆ-
گىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: ئالدى بىلەن چىقىلغان چېچەكتىن
سىيۇۋالغان قاقاچىنى ئانا سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم ھال-
غا كەلتۈرۈپ، كالا بەدىنىگە چېچەك چىكىپ كۆكلىتىپ، ئۇنىڭ
چېچىكىنى (قاقىچىنى) ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئانا سۈتى بىلەن مەخ-
سۇس قاچىدا ئېزىپ مەلھەم قىلىپ باللارنىڭ ئىككى بىلىكىگە 3
تىن 6 يەرگە چىكىدۇ. كۆكلەپ پىشقاندىن كېيىن، چېچەك قا-
قىچىنى ئېلىۋېلىپ كېلەر يىللىقى ساقلاپ قويىدۇ. شۇنداق قى-
لىپ ھەر يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە ناھىيە بويىچە قويماي چې-
چەك سېلىپ بولىدۇ. مانا بۇ خىل چارە بىلەن، خەلققە دائىم
تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان ياۋا چېچەك ئاپىتى تۈگىگەن. ئەي-
سا بەگ ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئوغلى ئوبۇلھەسەنگە چېچەك
چىكىش ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويغان. ئوبۇلھەسەن ئەيسا ئاتاكەس-
پىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تاكى ئازادلىققىچە ناھىيىدىكى باللارغا
چېچەك سېلىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە

تىيە رەھبەرلىكىدە، ياۋا چېچەك دېگەن بۇ ئاپەت تۈپتىن تېز-
نىلە دى.

ئاڭلىشىمچە، يېقىندىن بۇيان ئۆلۈم - يىتىمدە ھەشەمەتچى-
ك قىلىش لوپنۇردا خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالغانىمىش. رادى-
ۋ - تېلېۋىزورلاردا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم قاتارلىق
جتىمائىي ئۆرپ ئادەتلەردە ھەشەمەتچىلىك قىلماي ئاد-
ى - ساددا ئۆتكۈزۈڭلار، بۇنداق ئىشلارنى تەرتىپكە
ە قېلىپقا سېلىش كېرەك دەپ تەكىتلەۋاتىدۇ. لېكىن بىر قى-
سم كىشىلەر يەنىلا بىلگەن سېنىمىگە دەسسەپ، ھەشەمەتچىلىك
قىلىپ، تاپقان - تەمانغانلىرىدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ھۆكۈمەت بىلەن ئاممى
ئوتتۇرىسىدىكى بىردىن بىر كۆۋرۈك. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز-
نىڭ ئەمىر - پەرمان چاقىرىقلىرى شۇ كىشىلەر ئارقىلىق خەلققە
يەتكۈزۈلىدۇ. خەلق ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ. ئەل-
ۋەتتە، شۇلار ۋاستىلىق رول ئويناپ، خەلققە تەشۋىق تەرغىب
قىلىشى، بىھۇدە ھەشەمەتچىلىك قىلىشنى توسۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇ-
مىي يىغىنىدىن بۇيان خەلق تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلانماقتا.
بەزىلەر خېلىلا باي بولۇپ قالدى ياكى تۇرمۇش سەۋىيىسى ھال-
لىقراق سەۋىيىگە يەتتى. خەلقىمىزنى تېخىمۇ باي - باياشات تۇر-
مۇش كەچۈرسۇن دەيدىكەنمىز، ئۇلارنى بىھۇدە چىقىم قىلىشلار-
دىن، ھەشەمەتچىلىك قىلىپ، تاپقان ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قې-
لىشتەك ئەھۋاللاردىن توسۇپ قېلىشىمىز لازىم. ھەر كىم ئۆز
ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرسە، بىرىنىڭ چاپاسىغا باشقىسى را-

ھەتلەنمىسە ياخشى ئەمەسمۇ. ئەگەر قولىمىزدىن كەلسە مائا-
رىپقا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ مەكتەپكە
كىرىپ ئوقۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە
مىللىتىمىزنىڭ روناق تېپىشىغا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىختىساس
ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىغا ھەسسە قوشساق، بۇنىڭ نەتىجىسى
ھۆلچەرلىگۈسىز ياخشى ئەمەسمۇ.

# تاغ مازىرىمنى تونۇشتۇرۇش

## مۇتەللىپ تۇردى

بۈگۈر ناھىيە مەركىزىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيوللىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، يېڭىسار بېزىسىدىن 35 كىلومېتىرچە غەربىي شىمال تاغ ئىچىگە جايلاشقان «تاغ مازىرىم» دېگەن بىر قەدىمىي جاي بولۇپ (مازارنىڭ ئەسلى ئىسمى ئىسھاق ۋەلىيۇللا مازىرىم) بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقى جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان پەلەمپەي ئېدىرلىق بىر كىچىك جىلغىدىن ئىبارەت.

بۇ جاينىڭ غەربىي شىمال بۇرجەك تاغ ئېتىكىدە تاش تاغ ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان بىر تەبىئىي بۇلاق بولۇپ، بۇلاق سۈيى يانتۇ تاغ ئېتىكىدىن پەلەمپەي ئېتىزلارنى سۇغۇرۇپ ئاشقاندا پەستىكى ئېقىنغا چۈشۈپ سىڭىپ كېتىدۇ. مازار جايلاشقان بۇ جىلغىنىڭ كەڭرى جايلىرى 500 مېتىر ئەتراپىدا، تار جايلىرى 100 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ.

بۇلاق سۈيى ئاققان سىز يوللىرى ئەتراپىدا زىرىق، تال، جىغان، يۇلغۇن، ئازغان، جىگدە، توغراق قاتارلىق تەبىئىي ئورمانلىقلار ھاسىل بولغاندىن تاشقىرى، بۇرۇنقى ئەجداتلاردىن ھازىرقى ئەۋلادلارغىچە ئۆتكەن كىشىلەر ۋە مازارغا شەيخلىق قىلىپ تۇرغانلار تىكىپ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن تېرەك،

سۆگەت، ئالما، ئۈرۈك، قاتارلىق دەرەخلەر 200 يىلدىن بۇيان تاكى 1960 – يىللارغىچە باراقسان كۆكلەپ ئۆسكەن. 1960 – يىلدىن بۇرۇن بۇ جايدا كۆكلەپ تۇرغان 1000 تۈپتىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك تېرەك، بىر نەچچە يۈز تۈپ سۆگەت، تال، 50 تۈپتىن ئارتۇق ئۈرۈك، 30 تۈپ ئەتىراپىدا ئالما ۋە ئۈجمىلەر بار بولۇپ، بۇلاق سۈيىدە سۇغۇرۇلۇپ تەبىئىي ھاسىل بولغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان 8–10 مو ئەتىراپىدا كېلىدىغان ياپ - يېشىل چىمەنزارلىق، رەڭگارەڭ ئېچىلىدىغان ھەر خىل تاغ گۈللىرى بىلەن پۈركەنگەن گۈزەل ماكان ئىدى. بۇ يەرگە «ھامام» جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ھەم گۈزەل سەيلەگاھ، ھەم سوغۇق مىجەز بىمارلار داۋالىنىدىغان تەبىئىي شىپاخانا بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئوخشاش بولمىغان ساھە، كەسىپتىكىلەر ئۆز ماھارىتىنى نامايەن قىلىدىغان، سودا - تىجارەت قاينام تاشقىنلىقتا چۆمگەن ئاۋات بازار بولۇش بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەشھۇر جايىنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان.

تاغ مازارىم سەيلىسى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا مەشھۇر بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئاتاقلىق راۋاپچى روزەك باشى، داۋازچى ھاشىم ھاجى ۋە ئۇنىڭ باللىرى، مەشھۇر ئۇسسۇلچى ھەم قوشاقچى زەيتۇنخان، ئىمىن سوناي، زەيدۇن سوناي قاتارلىق ئاتاقلىق سەنئەتكارلار ئۇزۇن مۇساپىلارنى بېسىپ كېلىپ، داقا - دۇمباق، ناغرا - سوناي چېلىپ تۈرلۈك سازلار بىلەن دەشرەپ ئوينايتتى. داۋازچىلار دار باغلاپ ماھارەت كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چېلىشىش، ئاغامچا تارتىشىش، چىغىرىق ئويناش، چاقانپىلەك (ھاۋۇز) ئويناش

تارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ناھايىتى قىزىپ كىتەتـ
ى، ساياھەتچىلەر ئىچىدە يەنە ئىشانلار، دەرۋىش ساھىللەر، مەددا
ھكايىچىلارمۇ بار بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا مەشـ
ۇلات قىلاتتى. سەيلى مەزگىلىدە بوگۇر، كۈچار، يېڭىسار، كورلا
اتارلىق جايلاردىن ئاتاقلىق كاسىپلەر، ئاشپەز - ساۋايىلار،
اسساپلار، سودىگەرلەر، بەققاللار ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئوقەت
قىلىپ تىجارەت قىلاتتى. سەيلى مەزگىلىدىكى تاغ مازىرىم خۇد-
دى قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئاۋات شەھەر تۈسىنى ئالاتتى.

ئومۇمەن قىلغاندا ھەر يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە
بولغان ئارىلىقتا «تاغ مازىرىم سەيلىسى»، «بۇلاق بېشى سەيـ
لىسى» دە ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

مازار ئورۇنلاشقان كىچىك جىلغىنىڭ تەخمىنەن 3 كىلو-
مېتىردىن ئارتۇقراق شەرق تەرىپىدە ئېگىز - پەس تاغ باغرىدا
50 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، بـۇ
ئۆڭكۈرلەرنىڭ چوڭلىرىغا 3 دىن، كىچىكلىرىگە بىردىن ئـادەم
سىغىدۇ. بۇ ئۆڭكۈرلەردە ئوخشاش بولمىغان كىچىك - كىچىك
سىزىقتىكى يـېرىق تۆشۈكـچىلەر بـولـۇپ، بۇ تـۆشـۈكـ
چىلەردىن ئـوخشاش بـولمىغان ھـالدا ئـىسسىقلىق
بېرىدىغان ھارارەتلىك پار چىقىدىغان تەبىئىي ھاممام بار. بۇ
ھامماملاردا بۇندىن بىر نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىدىن باشلاپ
ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار ناھىيىمىزدىن بىرىپ
داۋالانـغـانـدىن باشقا، يەنە يىراق جايلاردىن دـەسلەن:
كورلا، قارا شەھەر، لوپنۇر، چاقىلىق، خېچىك، ئۈششاقتال، توخـ
سۇن، تۇرپان، كۇچار، شايار، شىڭخا، باي قاتارلىق جايلاردىكى ھەرمىلـ

لەت خەلقىدىن كېسەل بولغانلار كېلىپ داۋالىنىپ (تەرلىنىپ) ساقىيىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، تېرە كېسەللىكلىرى، يەل تۇرۇپ قېلىش بىلەن بەل - پۇت ئاغرىپ يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىش، رىماتىزىم كېسەللىكى، بەدەن قىزىپ ئۇستىخان ئاغرىش، ۋە بىر قىسىم ئىچكى جاراھەتلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەر ھاممامدا تەرلىنىپ داۋالىنىش بىلەن ساقىيىپ كەتكەنلەر خېلى نۇرغۇن. مەسىلەن: ھاممامغا چىققۇچە ئۆزى ماڭالماي باشقىلار ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ ئەپچىققانلار ھاممامدا ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە نۆۋەت تەكرار تەرلەنگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى مېڭىپ چۈشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئىشلىتىپ مەنپەئەت كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە: ھاممام يولىدىكى تاغ باغرىلىرىدا ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى يېغىزدىن قاتتىقراق تاشلار بولۇپ، بۇ تاشلار بوغۇز ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى ۋە ھەر خىل جاراھەتلەرگە داۋا بولىدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا شۇ تاغ جىسىملىرى ئارىسىدا تۈرلۈك دورا چىقىدىغان تاش توپىلار بولۇشى مۇمكىن. تاغ مازاردىكى ھاممامغا ھازىرمۇ ھەر قايسى جايلاردىن ھەر يىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە كېلىپ داۋالىنىپ تۇرىدىغانلار بىر نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىدۇ.

## 2 - سەيلى - ساياھەتنىڭ توختاپ قېلىشى ۋە تاغ مازىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى

گومىنداڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان بىر قانچە يىل ئىچىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە

ـەمۇردى ئەمەلدارلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلىرىنىڭ يىل -
ـدىن - يىلغا ئېشىپ بېرىشى، ھەم ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ
ـۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن خەلق تۇرمۇشى يىلدىن يىلغا ناچارلا-
ـشىپ، خەلق خاتىرجەم بولالماي سەيلى-ساياھەت ئىشلىرى بارا-
بارا ئازىيىپ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن خەلقنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تۇرمۇشى تېزدىن ياخ-
شىلىنىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن تاغ مازار سەيلىسى يەنە ئەسلىگە
كېلىپ قايتىدىن جانلانغانىدى. لېكىن 1958 - يىلى «چوڭ سەك-
رەپ ئىلگىرىلەش»، ئومۇمىي خەلق تۆمۈر - پولات تاۋلاش، خەلق
گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە يەرلىك ئورۇنلار ۋە يې-
زا ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيە 30 - تۇەن دېھقانچىلىق مەيدانى بو-
لۇپ تاغ مازىرىدا ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە كۆۋەر كانالار
ئېچىلىپ تاغ مازىرىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان ئور-
مانلىق كېسىۋېتىلدى. ئورمانلىق سەيلىك يەرگە ئۆزگەرتىلدى.
بەزى ئايرىم كىشىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەل - دەرەخنى
ئوغرىلاپ كېسىپ ساتتى. قېپقالغانلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابىدا ئورمانىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا قۇرۇپ ۋەيران
بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مازارنىڭ قەۋرە-گۈم-
بەزلىرى، مەسچىت قاتارلىقلار چېقىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەي-
لى - ساياھەت ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمما، ھاممىغا بې-
رىپ تەرلىنىپ داۋالانغۇچىلار تا ھازىرغىچە ئۈزۈلۈپ قالغىنى
يوق.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇ-
مىي يىغىنىدىن كېيىن ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ خەلق

ئاممىسى كۆڭۈل ئازادلىكىگە ئېرىشتى. شەھەر - يېزا ئىسلا-
ھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ خەلق تۇرمۇشى
يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىش بىلەن تاغ مازار سەيلىسى قايتا
ئەسلىگە كېلىپ، ساياھەت قىلغۇچىلار، ھاممامدا د ۋالانغۇچىلار يىل-
دىن - يىلغا كۆپەيمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرىنىڭ
ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يەرلىك ھۆكۈمەت
ئورگانلىرى بېكىتكەن ئورگانلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق بۇ-
رۇن ئىگەللىۋېلىنغان مازار ئورنىدىن 2 مو ئەتراپىدىكى يەرنى
ئاجرىتىپ بېرىپ مازار ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ يەرگە
يېڭىسار يېزىسىدىكى ئامما، دىنىي زاتلار 900 تۆپتىن ئارتۇق
مېۋىلىك، مېۋىسىز دەل - دەرەخ قويۇپ قايتا كۆكەرتىشكە كى-
رىشتى. بۇ ئەنئەنىۋى تاغ مازار سەيلىسىنىڭ قايتا جانلىنى-
شىغا يېڭى ئاساس سالغۇسى.

## 3 - تاغ مازىرىمىنىڭ نامى

«تاغ مازار» دېگەن بۇ نامنىڭ زادى قاچاندىن
ئېتىبارەن قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى توغ-
رىسىدا ھازىر يازما ماتېرىيال ياكى بىرەر توغرا،
ئېنىق دەلىل - ئىسپات يوق. ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ (ئابدۇل
ئېزىز چىڭگىزخاننىڭ ئاكىسى ھازىر ھايات) ئېيتىشىغا قارىغاندا
تاغ مازار ھەققىدە يېزىلغان بىر تەزكىرە بار بولۇپ «مەدە-
نىيەت ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىكەن. بۇ تەزكىرىنى
ئابلىمىت مەخسۇم كۆرگەنىكەن. تەزكىرىدە يېزىلىشىچە، تەخمى-

ن ئازادلىقتىن بۇرۇن 170 يىل ئىلگىرى، ئىسھاق ۋەلىيۇللا
ڭگەن (قەيەردىن كەلگەنلىكى نامەلۇم) بىرزات بۇ تاغلىق جىل-
ىغا دەپنە قىلىنىش بىلەن بۇجاي — «تاغ مازىرىم» دەپ ئاتالغان ئىكەن.
ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى موللا
نۇشۇر داموللا بۇگۈرگە قازى كالان بولۇپ تۇرغۇن ۋاقتىدا
192 - يىللىرى ئەرەبىستاندىن سەييىت ۋەلى شاخان ئىسىملىك
70 ياش ئەتراپىدىكى بىر كىشى كېلىپ، بۇگۈردىن ھاسان
ەتىس ئاخۇنۇمنى بىرگە ئېلىپ تاغ مازىرىغا بېرىپ «ئىسھاق
ۋەلىيۇللا» نىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىپ ئۇ يەردە 15 - 20
كۈن تۇرۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم
سۈزۈك پاقىراق تاشلارنى ئايرىم - ئايرىم خالتىلارغا قاچىلاپ
كېلىپ بىزگە كۆرسىتىپ ئېلىپ كەتكەن. تاغ مازىرىنىڭ
شېيىخ ئەۋلاتلىرى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھامۇت قارى تاغ مازىرىنىڭ 20 -
شېيىخى بولۇپ ئۇنىڭ ئوغلى نۇردۇن قارى 21 - يەنى ئەڭ
ئاخىرقى شېيخ ئىكەن.
دېمەك ئارقا - ئارقىدىن ئۆتكەن بۇشېيىخلار 2 ئەسىرگە
يېقىن تارىخ جەريانىدا تاغ مازارىنىدىكى تەبىئىي بۇلاق سۈيىدىن
پايدىلىنىپ، بىنام ئېچىپ بىرتەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئوزۇق مەسى-
لىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ھەر خىل
دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈپ تاغ مازىرىدا گۈزەل مەنزىرە
يارىتىپ بۇ جاينى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مەشھۇر
سەيلىگاھقا ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جايدىكى
40 - 50 مو يەرگە بۇلاق سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنىپ بىدە

قاتارلىق ھەرخىل ئوت - چۆپ، كۆكتات ئۆستۈرۈپ ساياھەتچىلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ھەمدە ئۆي - ئىمارەت سېلىپ ساياھەتچىلەرنىڭ قونالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ جۇدۇن - چاپقۇندىن ساقلىنىشىغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ كەڭ ساياھەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. قىسقىسى تاغ مازارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەمگەكچان باتۇر ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەمگەكتەرى بىلەن بەرپا قىلغان.

يېڭىسار يېزىسىدىن تاغ مازارغىچە بولغان 35 كىلومېتىرلىق يولنىڭ 25 كىلومېتىرى تاغ ئىچىدىكى قۇرۇق ئېقىن بولۇپ ئەگرى - بۈگرى كەتكەن بۇ ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى قاتمۇ - قات قۇرۇق تاغ بىلەن ئورالغان.

6 - ئايدىن تارتىپ 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا چوگراق ھۆل - يېغىن بولسا ھەر قايسى تاغ جىرالاردىن ئېقىنغا چۈشكەن يامغۇر سۇلىرى يىغىلىپ كەلكۈن ھاسىل قىلغاندىن باشقا (بەزىدە ئۇشتۇمتۇت ھۆل - يېغىن بولۇپ، كەلكۈن كېلىپ ماشىنا - تىراكتور، ئادەم، چارۋىلارنى ئېقىتىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلەتتى) چاغدا سۇ ئاقمايدۇ. بولۇپمۇ 60 - يىللاردىن كېيىن كۆمۈر كانلار ئېچىلىپ يوللار ياسىلىپ خېلى راۋان قاتناش يولى بولۇپ قالدى، خەتەرلىك تەڭ داۋانلارمۇ يوق. يول بىخەتەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىر مازار سەيلىسى، ھامامغا بارغۇچىلار بۇرۇنقىدەك ئات - ئېشەك ياكى پىيادە بارماستىن ماشىنا - تىراكتورلار بىلەن بىمالال بېرىپ كېلەلەيدىغان بولدى، ھامام يولىدىكى بەزى خەتەرلىك جايلار تۈزلىنىپ ياخشى شارائىت يارىتىلدى.

# چاقىلىق دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، قاراشەھەر ۋالىسى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئابدۇۋەلى روزى

جەن شۇرېن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنىڭ دەسلەپىدە جەنشىكۆي چاقىلىق قىسمەلىرىنىڭ تۆەنجاڭى بولۇپ 1930 - يىللاردا 128 - بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن بىر قىسىم ئەسكىرى بىلەن كورلىغا يۆتكۈلۈپ كەتكەن، چاقىلىقتا بىر لىيەن ئەتىراپىدا ئەسكەر قالدۇرۇلغان.

1933 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، ئابدۇراخمان مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ چوڭى بولغان، تۇرپان، توخسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى — مەۋسۇل مۇھىتى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنلىرى قاراشەھەردىن كېچىدە كېلىپ باۋدۇن ھاجىنىڭ ھازىرقى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئورنىدىكى قورۇسىغا چۈشكەن.

ئەتىسى ئابدۇكېرەم ئەلەم ئېزىز ھاجىملارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى گەۋدە قىلىپ جەنشىكۆي قىسمىنى قوراللىسزلاندۇرغان. مەۋسۇلباي ئۆزى بىلەن كەلگەن ۋاڭ نىياز (خۇيزۇ)

چاقىلىقتىن باۋدۇن ھاجىنىڭ ئۆكىسى سودىگەر ئىمىن شەيتاننى ئېلىپ گەنسۇ تەرەپكە ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم باشلاپ كېلىش ئۈچۈن دوگىخۇاڭغا قاراپ يولغا چىققان (ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا كۈچالىق تۇردى دېگەن ئادەمنى كورلىلىق ئايالى ھاشىمخان بىلەن مەۋسۇلباي ئۆزى ئېلىپ كېلىپ قۇتلۇقنىياز شاڭيۇڭنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھازىرچە ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى قورالىق قوزغىلاڭچىلارغا يېڭىجاڭ بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تاپىلىغان يەنى چاقىلىقنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇلار چاقىلىق ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەندىن كېيىن يولۋاس بىلەن مەۋسۇل مۆمىتى كەتكەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن پىلان بويىچە ئابدۇكېرەم ئەلەم قول ئاستىدىكى 50 – 60 نەپەر قورالىق يىگىتلىرىنى باشلاپ تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ شايار ئارقىلىق كۈچارغا بېرىپ تۆمۈر ئېلى قىسىملىرىغا قوشۇلغان.

ئاقسۇ – قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن پىچان لۈكچۈنلۈك گاجىت بەكرى چاقىلىققا ھاكىم، تۇردى (كۈچارلىق) يېڭىجاڭ، يەرلىكتىن ئابدۇكېرەم (بۇ كىشى ئاخۇن يېڭىجاڭ دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەلەم دېگەن نام ئۇنىڭ بوۋىسى تۆمۈر ئەلەمدىن، دادىسى تۇرسۇن ئەلەمگە، ئۇنىڭدىن ئابدۇكېرەمگە مىراس قالغان) ئەلەم يېڭىجاڭ قىلىپ رەسمىيەتلىرى بىلەن چاقىلىققا ئەۋەتىلگەن. شۇ يىلى يازدا چاقىلىقتا قوزغىلاڭچىلار قىسىملىرى تەشكىللىنىپ ئابدۇكېرەم ئەلەم، ئىزىز ھاجىملار ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ كەلگەن قىسىملار بىلەن تۇردى يېڭىجاڭ باشقۇرۇشىدىكى، مەھمۇت سىجاڭ ئەۋەتكەن

مەلار يەرلىكتىن تەشكىللەنگەن قىسىملار بىلــەن بىرلەشـ
رۇلۇپ، قۇربان بەگ باشچىلىقىدىكى 50 دىن ئارتۇق كىـ
ئالتۇنتاغ تەرەپتىكى داۋىزا چېگرىسىنى، ھوشۇر لــەنجاڭ
سىي مىرەنىنى، رۇستەم سامساق باشچىلىقىدىكى قىسىم دورال
ڭسۇ چېگرىسىنى، ھاشىم تاغ، ماگازا باشچىلىقىدىكـى قىسىم
اشەرى ئاقتاز ئەتىراپىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنـلاشتۇ-
ۇلغان. ئىبراھىم لەنجاڭ (ئىبراھىم ياخــاڭ، تــۇرپانـلىق)
امبال بارات ئايۇپ، فۇگۇەن قۇربان چاپســان قىسىملىــرى
چاقىلىقنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. (ئېيتىشلارغا
قارىغاندا لۈكچۈن شەھرىگە 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 -
كۈنى ئوت قويۇپ قىرغىنچىلىق قىلغان. 1933 - يىلــى 3 -
ئاينىڭ 17 - كۈنى تۇرپاندا ئاپتۇخالىق ئۇيغۇر قــاتــارلىق
تۇرغۇن خەلقنى قىرىشقا قاتناشقان، ئاق ئــۇرۇسلاردىــن 53
كىشى قۇم دەريا يولى بىلەن پىچاندىن تىكەنلىك ئــارقىلىق
چاقىلىقنىڭ يېڭىسۇ تەۋەلىكىگە كىرگەن بولۇپ 9 - ئايلاردا
ئۇلار قاراداي بىلەن قىرغان ئارىلىقىدا قوزغىلاڭچىلار تەرىـ
پىدىن قىرىپ تاشلانغان. قالغان 10 دەك ئۇرۇس قېچىپ كەتـ
كەن بولسىمۇ ئاچلىقتىن چۆلدە ئۆلگەن.

1933 - يىلىنىڭ قىش بېشىدا شا مــەنسۇر (ئــابدۇللا
(933 - يىل بېشىدا مادولواڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگـەن) ئىـ
مىرساھىپنىڭ خوتەن تەرەپتىن «ئىسلام ئېچىش» شوئارى بىـ
لەن كەلگەن كالتەك - توقماق بىلەن قورالانغان كامــال دا-
موللا باشچىلىقىدىكى 1000 دىن ئارتۇق قىسمــى چــاقىلىققا
كېلىپ 1934 - يىلى 7 - ئايلارغىچە پاراكەندىچىلىك تــوغـ

دۇرغان، ئاشلىق يېتىشمەسلىك، قەھەتچىلىك، يەرلىك قىسىم-
لارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ يېتىشالماسلىق قاتارلىق سەۋەپلەر
بىلەن يېمەك - ئىچمەك مول بولغان چەرچەنگە قايتقان.
بىرسىنىڭ ئۆيىدىن زاغرا ئوغرىلىغان بىر كىشىنى پۈتۈن نا-
ھىيە خەلقىنى (ھازىرقى سەي يول ئاسىراش پونكىتى) ئور-
نىدىكى سېپىل ئالدىغا توپلاپ سازايى قىلىپ نەق مەيداندا
ئوڭ قولىنىڭ بىغىشىنى كېسىپ تاشلىغان، كامال داموللا قو-
شۇنى رەتلىك، ئىنتىزاملىق بولسىمۇ كامال داموللا باشلىق
«قوماندان» لار كېچىسى سەللىسىنى قوزۇققا ئېسىپ قويۇپ
ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە ئەسكەرلىكتىن يۇر-
تىغا قاچقانلارنى تۇتۇپ كەلسە، سۇ، نان بەرمەستىن «ئۆز
ئەجىلى بىلەن ئۆلدى» دەپ «چىرايلىق» بىر سۈيدە قويۇپ
نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمىدىكەن. چاقىلىق خەلقى ئۇلارنىڭ
سەپ تارتىپ 5 ۋاخ ناماز ئوقۇشى، ئىنتىزامىغا قاراپ «راس-
تىنلا ئىسلام قوشۇنى ئىكەن» دەپ قارىغان، ئۇلار ھاكىمىيەت
تالاشقانلىقتىن قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۈركىلىش قىلغان. ئابـ-
دىكېرەم ئەلەم قوشۇن بىلەن ئوزۇق - تۈلۈكنى بوز كۆل را-
يونىغا يۆتكەپ كېتىپ كامال داموللىنى ئاچ قويغانلىقتىن
ئۇلار كەتكەن. 1934 - يىلى 7 - ئايلاردا كامال داموللىنىڭ
دىنىي تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك (شۇنىسىمۇ باركى 1933 - يى-
لى 9 - ئاي باشلىرىدا ناسىر ھاجىم قاتارلىق ھەج قىلىپ
قايتقانلارنىڭ چاقىلىقتا تۇرۇشى دىنىي ئەقىدىلەرنى كۈچەيتىش
كىشىلەرنى ئۆزگە تارتىش رولىنى ئوينىغان. ئىمىن ھاجىم
سالدۇرغان جۈمە مەسچىتىمۇ رول ئوينىغان) خەلق ئىچىدە

ۋلۇپمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدە تەۋرىنىش بولغانلىقتىن
ۇرۇنقى ئابدۇكېرەم، ئېزىز ھاجىم قوشۇنلىرى، يېڭى قوشۇن
ە تۇردى يىڭجاڭ قارمىقىدا مەمۇت سىجاڭ تەرىپىدىن
اقسۇ تەرەپتىن، قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارنى ئابدۇكې-
رەم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىسىدىكى قورۇسى ئالدىدا توپ-
لاپ خەلق قاتناشقان ھالدا «ئىنتىپاقلىق تەربىيىسى» ئېلىپ
بارغان ۋە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ قېرىلار سەپتىن چىقىرى-
لۇرۇلگەن. ئاشۇ كۈنلەردە ئۈلكە تەمىنات، ھەربىي كىيىم —
فورما، ئاش تارقىتىش قارارى چىقارغان، قىسىم 36 — دىۋ-
ۋىزىيە (شىتاپ قەشقەردە) قارمىقىدا قوشۇۋېتىلگەن بولسىمۇ
ئەمەلىيەتتە چاقىلىق تەمىناتىنى قوبۇل قىلىپ بۇ يەرگە شىڭ
شىسەي قىسىملىرىنىڭ كېلىشىگە قارشى تۇرغان ۋە قولىدىكى
قوراللارنى تاپشۇرمىغان. 1934 — يىلى 7 — ئاينىڭ ئاخىرى
چەرچەن تەرەپتىن جامال، تۇردىجان «چاقىلىقنى سورايمىز»
دەپ ئەسكەر باشلاپ كەلگەن (بۇلارنى، كامال داموللام قوتۇر-
تۇپ ئەۋەتكەن دېگەن گەپلەرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە چا-
قىلىققا بىر قازىمۇ ئەۋەتكەن ئىكەن) بىر نەچچە سائەتلىك كالتە
جەڭدىن كېيىن دەريا ئىچىدە جامال، تۇردى جان تىرىك
تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ ئابدۇكې-
رەم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىسىدىكى قورۇسىغا كەلتۈرۈلگەن،
نەسىھەتنى ئاڭلىماي جامال: — سەن ئابدۇكېرەم ئەلەم دې-
گەننىڭ بىر كورۇشكا قېنىڭنى ئىچمەي قويمايمەن!» دەپ ھا-
قارەتلىك سۆزلەرنى قىلغانلىقتىن ئابدۇكېرەم ئەلەم ئۇنىڭ
پېشانىسىگە خەنجەر بىلەن (+) بەلگىسى سىزىپ بارلىق

ئەسكەرلىرى بىلەن (قورالىنى بەرمىگەن) ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپ چەرچەنگە يالاپ ماڭغۇزىۋاتقان. ئۇلار بىلەن كەلگەن قازىنى ئېلىپ قالغان.

شۇ كۈنلەردە كۈچا، شايار تەرەپتىن چاقىلىقتا ئاشلىق يۈتكەش بولغان، (ھەربىي تەمىنات) بۇ ھەقتە ھازىرغىچە چاقىلىق، لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن ۋە ئېيتىلىپ يۈرگەن ئاپتورى نامەلۇم قوشاقلار بار. (بۇ قوشاقلار 1945 - يىلىدىن كېيىن چاقىلىق دوك خۇاڭ بولىنى ياسىغاندا شايار تەرەپتىن ئاشلىق يۈتكىگەنلەرنىڭ قوشاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ سۆزى بېرىلىپ كەتكەن). شۇچاغدا چاقىلىق ھەربىي تەمىنات ساڭدا تۇرپانلىق مىرزارى (1934 - يىلى) ھاشىم ساڭچى (1945 - يىلى) دېگەنلەر بار ئىكەن. كېيىن ئابدىلىم موللا باشقۇرغانىمىش.

شۇ يىلى دىنىي مەكتەپلەر بىلەن بىرگە پەننى مەكتەپلەرنىمۇ ئېچىش، ئەسكەرلەرنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش توغرىسىدا يوليورۇق كەلگەن بولسىمۇ، بېشى بار ئاخىرى يوق بولۇپ تاشلىنىپ قالغان.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ بىر كۈنى چاقىلىقتا غەيرى، ساراڭ سوپەت بىر دىۋانە پەيدا بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئىشىكىدە تىلەمچىلىك قىلغاندا ئېسىل يىمەكلىك ۋە پۇل پىچەكلەرگە نەزەر سالمايتتى، رەستە ئېچىدىكى ھەشەمەتلىك دەرۋازىلار ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ناھايىتى دىققەت قىلاتتى، بىرەرسى يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا ياكى ئۆزى چوڭ ياشتىكى كىشىلەر يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆتۈپ كې-

ەتتى. بۇنى قەلەندەر دىگۇچىلەرمۇ ساراڭ دىگۇچىلەرمۇ بار
ىدى. لېكىن ئۇستا ئارتىستقا ئوخشاش رولىنى ئوخشىتالىسىز
ەبىئىي ئورۇنلايتتى. بىر كۈنى مەزىن رەستىدىكى مەسچىت-
ىڭ پەشتىقىدا ناماز بامداتقا ئەزان تووۋلاپ بولۇش بىلەنلا
ۇ ئادەم هازىرقى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئورنىدىكى - باۋ-
ۇدنباينىڭ ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا
ولدى. باۋدۇنباي تاھارەت ئالماقچى بولغان ئاپتۇۋىنى قو-
يۇپ دەرۋازىنى ئۆزى ئاچتى. باۋدۇنباي «بۇ ئادەمدە بىر
گەپ بار» دەپ ئويلىغان ئىدى. باۋدۇنباي دەرۋازىنىڭ بىر
قانىتىنى ئېچىپ بولغىچە تىلەمچى ئۇنىڭ قولتىقى ئاستىدىن
ئەپچىللىك بىلەن دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ بولدى. باۋدۇنباي
بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ دەرۋازىنى تولۇق ئېچىۋېتىشنى
ياكى قايتىدىن تاقاشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ ھەيران بولۇپ
تۇرغاندا دىۋانە مۇنداق دېدى:

دەرۋازىنى تاقاپ مېنى ئادىمىزاتتىن خالى بىر جايغا
باشلىسىلا. مەن سىلىگە قەشقەردىن سالام ئېلىپ كەلدىم.

باۋدۇنباي بىلەن دىۋانە ئادەمدىن خالى ھۇجرىغا كىر-
دى، تاڭمۇ يورىدى، قەلەندەر سىرتقى كىيىمىنى سېلىپ،
بېشىدىكى كۈلانى ئالدى. باۋدۇنباي بىردەم ھەيران بولۇپ
تۇرۇپ ئاندىن: — مىرزەمەن ئاخۇن! دەپ ئۇنى باغرىغا باستى.
دىۋانە مۇنداق دېدى: مەن ھازىر مىرزەمەن ئاخۇن ئەمەس،
سەلىم دىۋانە، «يول ئازابى، گۆر ئازابى» ئەمەسمۇ، سىلەر
بىلەن بىز بۇنداق چۆل سەپىرىنى كۆپ ماڭغان، مۇنداق
ئىسسىقتا، ئەنسىز يوللاردا يول يۈرۈش ماڭا بىرىنچى قېتىم،

ئەتىسىگەندە قېنىق چاي بىلەن كاكچىغا ئېغىز تەككەچ باش-
لانغان پاراڭ يېڭى سۈيۈلغان ئېرىكىنىڭ شورپىسى بىلەن
گۆشلىرى كەلتۈرۈلگەندىمۇ داۋام قىلماقتا ئىدى. مۆمىن ئا-
خۇن مەخمۇت سىجاڭنىڭ ئۇزۇن يىل سالغان ئىشەنچىلىك،
خاس كىشىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈدىغان
خوجىدارى ئىدى. باۋدۇنبايىنىڭ مۇھىم ئائىلىسى بىلەن
ئۇزۇن يىللىق قويۇق بېرىش كېلىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى.
قومۇل، دوڭخۇاڭ، جۇچۈەن، لەنجۇ، شەھەرلەرگە سودا سېتىق
بىلەن بېرىپ كېلىشتە تۇرپان ئاستانە تەرەپكە سىڭگىم ئې-
غىزىدىن قايرىلىپلا ئۆز قورۇسىغا كىرىپ چىققاندەك ئۆدۈل
كىرەتتى. مۆمىن ئاخۇن ھەممە گەپنى دېدى:

— خوجانىياز ھاجىم مەخمۇت مۇھىتى، ئابدۇل
نىياز سەردار قاتارلىقلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئۈرۈمچىگە
بارىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى، خويزۇلارنى چاقىرىپ كەلگىنىمىز
سۆگەل ئۈستىگە چىققان يارا بولدى. ئۇلار بىلەن كېلىشىش
مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارغا ئۇلجا، بايلىق، پىششىق مال كېرەك،
مۆرىتى كەلسە گەنسۇغا قاراپ تىكىۋېتىدۇ. شىڭ شىسەي
خويزۇلارنىمۇ، بىزنىمۇ كۆزىگە قادالغان مىخ ھېسابلايدۇ. ھا-
مان يولۇپ تاشلاش ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھېلى مەركىزدى ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنۇشقا ئەۋەتتى،
نەتىجە قانداق بولىدىغانلىقى ھازىر مەلۇم ئەمەس. مەھ-
مۇت سىجاڭنىڭ پىكرى، مەركەزدىن ئۈمىد بولمىسا چاقىلىق
تەۋەسىگە توپلىنىپ تۇرپان، قۇمۇل تەرەپكە ئۆتۈپ قايتى-
دىن ئېلىنىشىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر دانە قېلىچ، بىر تال

ۋاقتىمۇ بىھۇدە ئىسراپ قىلماسلىق، قورالنى مەھكەم تۇتۇشنى
اپىلىدى. مۆمىن ئاخۇن دەرۋازىغىچە ئۇزۇتۇلۇپ گەنسۇ چېگ-
رىسىدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويۇلدى. چاقىلىق ۋەزىيىتى
ئۆرەككەپ ئىدى، پايلاقچىلار شىڭ شىسەي تەرەپتىنلا ئەمەس،
چەرچەن ئارقىلىق ماخۇسەن تەرەپتىنمۇ كېلىپ تۇراتتى.
ئاساسەن ماخۇسەنگە خىزمەت قىلىدىغان ئۇيغۇرلار (ئاياللارمۇ
بار) ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ئاخۇن ئىسمىنى سەلىم
دىۋانە قىلىپ تىلەمچى قىياپەتتە كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا
تۇردى موللام، ئەيسا پەشتاق، قۇربان چاپسان، رۇستەم،
سەيدەك، سامساق، ئىبراھىم ياخاڭ، ھوشۇرلەنجاڭ قاتارلىق
كىشىلەردىن ئالاقىچىلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار
تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق يول ئېچىپ مارالبېشى
ئارقىلىق مەخمۇت سىجاڭ بىلەن ئالاقە قىلغان. گەنسۇ تە-
رەپكە ئوق - دورا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ماڭغۇزغان-
دىن سىرت، ئاتاخون قاتارلىقلارنى چەرچەنگە، ئارىف لەنجاڭ
قاتارلىقلارنى كورلا تەرەپكە تىڭ - تىڭلاپ ئەھۋال مەلۇم
قىلىشقا قويغان ئىدى. ھاشىم پوچتىكەشمۇ پوچتاخەت - ئالاقە
توشۇغاچ كورلا تەرەپتىن يېڭى ئاخباراتلارنى ئېلىپ كېلەتتى.
(ئۇ ھۆكۈمەت مائاشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ قوزغىلاڭ-
چىلارغا خىزمەت قىلغان). 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 -
كۈنى شىڭ شىسەي خوجانىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس
بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تىنچ-
لانغانلىقىنىمۇ جاكار قىلغان. لېكىن كىمدۇر بىرسى شىڭ شى-
سەيگە «چاقىلىق تېخى بويسۇنمىدى» دېگەنمىش، شۇنىڭ بىلەن

شىڭ شىسەي تېخى يېقىندىلا قارا شەھەرگە ۋالىلىققا تەيىنلەنگەن ياڭ مىڭجۇنى «چاقىلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە» دەرھال ماڭغۇزغان.

ياڭ مىڭجۇ لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىر يۇرتلۇق ھەم تونۇش بولغاچقا شىڭ شىسەي ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. ئۇ گومىنداڭ C C گورۇھىنىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ ئامېرىكىدا ئوقۇغان بولۇپ ھاكاۋۇر، شۇنداقلا چوڭ ئەمەلدار بولۇش قارا نىيىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى 40 نەپەر موڭغۇل ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن تۆت ئات قوشۇلغان بىر خادىك ناماز ئەسىردە كونا يامۇلغا كەلدى. ئۇنىڭ تەرجىمان، كاتىپ، مۇلازىملىرى ئۇنى يۆلەپ خادىكتىن چۈشۈردى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قوراللىق قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى، كەچتە سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى، كەچ تاماق ۋاقتىدا زىياپەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇقتۇرۇش قىلغان، ئۇقتۇرۇش بويىچە بىر نەچچە يۈز قوزغىلاڭچى قوشۇن توپلاندى، قوشۇن ھويلىغا رەتلىك تىزىلدى، موڭغۇل ئەسكەرلەر ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ياڭ مىڭجۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بۇرنىنى ئىتتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يىرگىنىش ھېس قىلغاندەك گىدىيىپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. تۇردى يىڭجاڭ ياڭ مىڭجۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ كاتىپى قاتارلىق 5 كىشى بىلەن يۆلەنچۈكلۈك بەندىڭدە ئولتۇراتتى. ( ئابدىكېرىم ئەلەمبېگىمسۇ تەرەپتە بولۇپ

يېغىنىغا كەلمىگەن ) ئۇنىڭ پوپوزىسى، ھاكاۋۇرلىقى، چوڭچىلىقى تۇردى يىڭجاڭغا ياقمىغان، « كۆزدىن كەچۈرۈش، زىياپەت » دېگەنلەرنىڭ ھىلە، قاپقان، ئالداش ئىكەنلىكىنى تەرجىمانىنىڭ گەپلىرى بىلەن ياڭمىڭجۇنىڭ ھەرىكىتىدىن چۈشۈنۈپ يان قورالنى ئېلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان. شۇچاغدا ئۆگزىنىڭ 4 تەرىپىدىن پىلىموت تاتاتلىغان ( يـاڭمىڭجۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان 4 پىلىموت ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتقان ئىدى) تۇردى يىڭجاڭنى سەھنىدىكى بىر نەچچىسى قورالسىزلاندۇرغان. ياڭمىڭجۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوزغىلاڭچى قىسىملار قوراللىرىنى، ئوق دورىلىرىنى جايىغا قويغاندىن كېيىن قىسىملار غەربىي سېپىلگە ۋە ھازىرقى شەنلوزەن ئورنىدىكى سېپىلگە نەزەر بەنت قىلىنغان، شۇ كېچىسى تۇردى يىڭجاڭ مېرەنگە ئېلىپ بېرىلىپ نەزەر بەنت قىلىنغان، مېرەندىكى قوزغىلاڭچىلارمۇ قورالسىزلاندۇرۇلغان.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ياڭمىڭجۇنىڭ نەنجىڭگە ماڭغۇزغان ئادىمى داۋىزدا چىگرا ساقلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن. بۇئىش شۇ جايدىكى ئامبال كاجىشەنگە مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن ناسىر ھاجىم، گاجىشەن كېچىدە ياندا شىغاققا كېلىپ تۇتۇلغان. ياڭ مىڭجۇنىڭ ئادىمى قولىدىكى جاڭ جىشىڭگە بىۋاستە يېزىلغان خەتنى تۆلەيفوغا ئوقۇتقان، خەتتە « شىڭشىسەي سوۋېت بىلەن، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلەشتى. مەخسۇت بىر تەرەپ، ماخوسەن بىر تەرەپ، شىڭ شىسەي بىر تەرەپ بولۇپ قېلىپ شىنجاڭ تىنچلانمىدى، مەركەز چاقىلىق ئارقىلىق قوشۇن ئەۋەتسە » دېگەن مەزمۇندا بولۇپ

بۇ خەتتە ئۇلار ( ياڭمەنجۇنىڭ، شىڭشىسەينىڭ ئورنىنى ئىگ-
ىلەش غەرىزىنى چۈشەنگەن ) ئاندىن ياڭمىنجۇنىڭ قولىغا
چۈشكەن ئادەمنى دۇڭ خۇاڭ يولىنى ساقلاۋاتقان قۇربانبەگ-
نىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇپ ئۆزلىرى مەخپى ھالدا چاقىلىققا
قايتىپ كەلگەن.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى دورالدىكى قاراۋۇللار ھا-
شىم پوچتىكەشنىڭ مەلۇماتى بىلەن ئىككى ئادەمنى تۇتۇپ بىر
پارچە ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇلار ئىككى ئادەمنى
تۇتۇپ قېلىپ خەتنى گاجىشەنگە يوللاپ بەرگەن. خەت دوبەن
مەھكىمىسىنىڭ « تۇردى يېڭجاڭ ئېتىپ تاشلانسۇن! » دېگەن
قىسقىلا بۇيرۇقى بولۇپ، ئۇلار ياڭ مىنجۇنىڭ ئۇرۇمچىگە تۇر-
دى يېڭجاڭنى يامان كۆرسىتىپ مەلۇمات يازغانلىقىنى
بىلگەن، ھاشىم پوچتىكەشنىڭ يولدا ھېلىقى ئالاقە ئېلىپ كەل-
گەن ئىككى خەنزۇنىڭ گېپىدىن تۇردى يېڭجاڭنىڭ مىرەندە ئىكەن-
لىكىنى بىلىۋالغانلىقىنى ئۇققان. بۇنىش ئايۇپفۇگۇەن بىلەن تۇردى
يېڭجاڭنىڭ ئايالىنىڭ قولىغا يەتكەندىن كېيىن شۇ كېچىسى
70 ئاتلىق كىشى يىغىلىپ ( ئاقلاشلاردىن قارىغاندا ناسىر
ھاجىمنىڭ دادىسى نىياز ھېكىم بەگ يوشۇرغان قوراللارنى
ناسىر ھاجىمغا كۆرسىتىپ قويۇپتىكەن، بۇ كىشىلەر سايدىن
ئاشۇ قوراللارنى ئېلىپ مىرەنگە كىرگەن. يەنە بىر گەپتە گەن-
سۇ تەرەپتىن ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ نۇرباقى سايغا يوشۇرغان
قوراللار ئىكەن ) قوراللىنىپ مىرەنگە بېرىپ، 10 - ئاينىڭ
22 - كۈنى چۈشكە يېقىن تۇردى يېڭجاڭنى ئېلىپ رەستىنىڭ
شەرقىدىكى توختى ئاخۇن شاخار باينىڭ كۆلى يېنىغا كەل-

ىدە رەستە تەرەپتىن ئابدىكېرەم ئەلەم، تۇردى يېڭىجاڭدىن
هال سوراش » ئۈچۈن كەلگەن. تۇردى يېڭىجاڭ
ىدىكېرەم ئەلەمنى كۆلگە ئېگىلىپ تۇرغان سۆگەتكە پېشانىسى
غا چىلاشقىدەك قىلىپ ئاسمان تاپان قىلىپ ئاسقان. شۇ
لەتتە ئابدىكېرەم ئەلەمنى سوراق قىلغان. ئابدىكېرەمنىڭ
19 - يىللاردا گەنسۇ تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن خەنزۇ قىز-
ى ( ئۆزى ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن )
الماقچى بولغان، ياڭ مىڭجۇغا ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا بەرمەك-
ى بولۇپ، ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقى ( ئەمەلىيەتتە، بۇ
مىش ئەمەلگە ئاشقىچە ياڭ مىڭجۇ ئۆلتۈرۈلگەن، كېيىن ئاب-
دىكېرەم ئەلەم ئۆزى ئالغان) مەلۇم بولغان. ئۇلار ئومۇملۇقنى
كۆزدە تۇتۇپ، مۆھۈر بېسىلغان توختام تۈزۈپ، شۇ كېچىسى
تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ماڭدۇرۇپ يوشۇرۇپ قويۇلغان، قو-
رال - ئوقلارنى يىغىپ ئاۋۋال نەزەربەنت ئاستىدىكى قوز-
غىلاڭچىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قوراللاندۇرغان. گاجىت شەنجاڭ
ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقان، ئارقىدىن كونا يامۇلغا
تەككەن، ئۇلار ئاۋۋال قورال - ياراق ئامبىرىنى قولغا چۈ-
شۈرۈپ قوراللانغان. ئاندىن ياڭ مىڭجۇنى تۇتماقچى بولغان.
ئارىدا موڭغۇل ئەسكەرلەر « ئابدىكېرەم ئەلەم ياڭ مىڭجۇنى
قوغداپ قالدى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان » دەپ قاراپ
ياڭ مىڭجۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئابدىكېرەم ئەلەمنىڭ بازار-
دىكى قورۇسىغا يوشۇرۇپ قويغان. بۇنى بىلىۋالغان تۇردى
يېڭىجاڭ تەرەپ ياڭ مىڭجۇ بار ئۆيىنى سىرتتىن قولۇپلىۋال-
غان ( ئۇلار موڭغۇل ئەسكەرلەرنى يوقۇتۇپ بولۇپ، ياڭ مىڭ-

بىرتەرەپ قىلمىـــاقچى بولغان ) لېكىن ئابىدىكىرەمنىڭ
ى يىڭجاڭ بىلەن قايتا بىرلەشكىنىنى تېخى بىلمەيدىغان
كىرەم ئـــەلەم تـــەرەپدارلىرىدىن بـــولغان كونا ئەس-
ر قولۇپنى چىقىپ ياڭ مىڭجۇنى چەرچەن يولىغا قاچۇ-
كەن.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياقۇپباي قورۇقتا ياڭ مىڭ-
ە بىر نەچچە موڭغۇل ئـــەسكەرلەرگە يېتىشىۋالغان، بۇ
ياڭمىڭجۇنىڭ شىلەپىسى، دۇراپ پەلتۇسى نەلەردە قالغان،
تۈكىمۇ ئۈزۈلگەن بولۇپ قوشقۇندەك بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ
نچە يۇقىرى ئۆرلەش توغرىسىدا ئامېرىكىدا تۈزگەن پى-
ى، شىردىن ئارزۇلىرى نەدە قالدى؟ ئۇ بەلكىم بۇ يېرىم
ن ئادەملەرگە قوپال مۇئامىلە قىلمىسام بوپتىكەن، دەپمۇ
غاندۇ، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. 10 - ئاينىڭ 29 -
ئاش ۋاقتىدىن كېيىن 4 موڭغۇل ئەسكەر 2 پىلىموت،
لتىق بىلەن چاقىلىقنىڭ غەربىگە 60 كىلومېتىر كېلى-
ن يەردىكى « كالا ئۆلگەن » دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭگە چى-
قۇم دۆڭنى ئويۇپ پىلىموت بىلەن ئوبدان جايـــلاشتى.
ىلاڭچىلار يۇپۇرۇلۇپ كەلدى. بىر دەمدىلا 13 كىشى قۇر-
بولدى ۋە يارىلاندى. ھاشىخان قوزغىلاڭچىلارنى توختى-
مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

بۇلار سۇ ئىچىدۇ، نان يەيدۇ. ئەمما دۆڭ ئۈستىدە سۇ
ە نان يوق، ئۇلارغا ئەرشى - ئەلادىنىمۇ، تەخت - سى-
نىمۇ ياردەم يوق. بىز 50 - 60 ئىت تېپىپ كېلىپ ئۇ-
« مۇھاپىزەت » قىلايلى، شۇنداق قىلساق بىرەر ئادەم

يىقىم بولمايدۇ.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆتتى، دۆڭدە بىرسى ئەمدىر-
سا ئاتلار ئېتىلاتتى، 31 - كۈنىمۇ ئۆتتى، 11 - ئاينىڭ
- كۈنى دۆڭنى قورشاپ دىققەتتە تۇرغان قوزغىلاڭچىلار قۇم
ئۆڭ ئۈستىدە دۈشمەننىڭ ھەرىكىتى بولمىغاندىن كېيىن ئال-
دى بىلەن ئاتلارنى ھۇجۇمغا ئۆتتۈزگەن. نەتىجىدە
ئاتلار 4 دۈشمەننى سۆرەپ چۈشكەن. ئاتلار سۆرەپ
چۈشكەن موڭغۇل ئەسكەرنىڭ ئىككىسى ئۆلگەن، ئىككىسىنىڭ
جېنى چىقاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭغىچە قوزغىلاڭچى ئەس-
كەر چىقىپ ياڭ مىڭجۇنىڭ بېشىنى كەسكەن. بۇ دۆڭ ھازىر-
غىچە « دوتەي ئۆلگەن دۆڭ » دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

جەڭچىلەر شۇندىن كېيىن ھاشىمخاننى « ھاشىمخان تۇەن-
جاڭ » دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ياڭ مىڭجۇنىڭ كاللىسىنى ۋاششەرىدىگە ئېلىپ چىقىپ
رازاق ئاخۇنۇمنىڭ دەرۋازىسىغا ئىككى قولىقىدىن ئېسى-
لىغان.

ئابدىكېرەم ئەلەمنىڭ ياڭ مىڭجۇغا ياخشىچاق بولۇپ
ئۆز مال - دۇنياسىنى ۋە ئەسلى ھوقۇقىنى قوغداپ جان
ساقلىماقچى بولغان ئىككى يۈزلىمىلىكى، ھالقىلىق پەيتلەردە
قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرماي، تۇردى يىڭجاڭنى كۆزدىن يو-
قىتىپ چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۆزى يالغۇز باشلىق بولۇش
كويىدا ئىكەنلىكىگە ئوخشاش مەسىلىلىرىگە قارىتا قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن باۋۇدۇن ھاجى، ناسىر ھا-
جىم، گاجىت بەكرى (ھاكىم)، تۇردى يىڭجاڭ، ئوسمان شاڭ-

ۋاششەرىدىكى رازاق ئاخۇنباينىڭ ئوغلى) ئېزىز ھاجىم-
ەساپھەتلىشىپ ئابدىكېرەم ئەلەمگە تەربىيە بېرىش، نەسىر-
قىلىش قارارىغا كەلگەن ( بۇ چاغدا ئابدىكېرەم ئەلەم
قانچىلىغان قولىغۇچىلىرى بىلەن شەنلۇزەن ئورنىدىكى
لىدا نەزەربەنت ئىكەن ) 1935 - يىلى 3 - ئايدا خۇي-
چەرچەندىن كېلىپ چاقىلىق تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلغان.
، تۇردى يېڭجاڭ قومانداندىلىقىدا چەرچەن دەرياسى تە-
ىكى بېخەتەر جايلارغا ماڭدۇرۇلغان، ئاندىن سېپىل ئىچىد-
خۇيزۇلارنى كۈتۈپ مۇداپىئەدە تۇرغان، خۇيزۇلار 3 كۈن
لىشىپ سېپىلنى ئالالماسلىقىغا، چاقىلىقنى بويسۇندۇرالماس-
ا كۆزى يېتىپ ھىلە ئويلاپ تاپقان، يەنى سېپىل ئىچىگە
ئارقىلىق خەت كىرگۈزۈپ «قۇتلۇقنىياز شاڭيۇنىڭ
ىنىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ چۇشۇرگىگە سۆھبەتلىشىش ئۈ-
، 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل چىقىرىش» نى تەلەپ قىلغان.
اقىلىق تەرەپ قاسىم ھاجىم باشچىلىقىدا 12 نەپەر ۋەكىل
رغاندا خۇيزۇلار تەرەپ 2000 سەر ئالتۇن تەلەپ قىلغان.
انداق «سۆھبەت» ئېلىپ بېرىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە «چا-
نى ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار!» دەپ بېسىم ئىشلەتكەن، ۋەكىل-
ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغانلىقتىن ئۇلارنى چەرچەنگە
ەپ كەتكەن، يەنە ئۇلار «چەرچەندە ئالتۇن كان بار،
ر 2000 سەر ئالتۇن قېزىپ بىزگە تاپشۇرغاندىن
ن سىلەرنى قايتۇرىمىز» دەپ ئۆكتەملىك قىلغان. بۇ
ۋالنى ئۇققان تۇردى يېڭجاڭ، گاجىشەن، ئېزىز ھاجىم ...
غەزەپكە كېلىپ چەرچەندىكى خۇيزۇلارغا جازا يۈرۈش قى-

لىشقى قارار قىلغان.

1935 - يىلى 5 - ئايدا چەرچەن تاتراڭ يېڭىنەھا
( 10 كىلومېتىرچە شەرقىدە ) جايلاشقان تاختا پەرە دۆڭدىكى
خۇيزۇ قاراۋۇللىرىنى تۇتۇپ ( ئاتلاشلارغا قارىغاندا 3 كىشىنى )
« 12 ۋەكىل ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش» يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ چوڭ
تەرەت يولىغا چۇچۇلە تىقىپ ئۆلتۈرگەن. سو-
راق داۋامىدا خۇيزۇلارنىڭ مۇداپىئەسى توغرىسىدا تۇردى
يېڭجاڭ ھېچقانداق ئاخبارات ئالالمىغان ( قولغا چۈشكەن قا-
راۋۇللارنى چاقىلىققا يولغا سالغان ) بۇ چاغدا ۋاشەرى تە-
رەپتىكى چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مەسئۇلى ئوسمان شاگيۇ،
تۇرسۇنباي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خۇيزۇلار تەرەپكە ئۆتۈ-
ۋالغان، چاقىلىق مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلىپ قالدۇرۇلغان
ھوشۇر لەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 50 نەپەر ئەسكەر، ئابدىكەرەم
ئەلەمنىڭ كونا ئەسكەرلىرىدىن رۇستەم، سامساق باشلىق 30
كىشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھوشۇر لەنجاڭنى باغلاپ تاشلاپ
ئابدىكەرەم قاتارلىق نەزەربەنت قىلىنغانلارنى چەرچەن دەريا-
سىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئاغاچىغا باغلىغان دېگەن جايغا
ئېلىپ كەتكەن. تاختا پەرە دۆڭدە 1935 - يىلى تەخمىنەن
5 - ئاينىڭ 21 - كۈنلىرى قاتتىق جەڭ بولغان. ئەسلىدە
قۇربان چاپسان، ئىبراھىم ياخاڭ، ئامبال بارات باشلىق 300
جەڭچى بايراقچى ھاشىمخان، كانايچى نۇربەختىلەر تۇردى يېڭ-
جاڭ بىلەن ئالدىنقى سەپتە بولۇپ، ئايۇپ فۇگۇەن ئوتتۇرا
سەپتە 400 جەڭچى بىلەن تۇرغان، گاجىشەن، ئېزىز ھاجىملەر
ئاخىرقى 300 نەپەر قوشۇن بىلەن ئىدى. خۇيزۇلار ئۇيغۇر

ياللانما قوشۇندىن 200 نەپەرچە ئاتلىق ئەسكەرنى ھۇجۇمغا
سېلىپ قويۇپ ئۆزلىرى بوستان توغراق، جىگدە قۇدۇق
ارقىلىق تۇردى يىڭجاڭ قىسىملىرىنىڭ
چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، غەرب، جەنۇب
نەرقتىن ئىسكەنچىگە ئېلىپ شىمال تەرەپكە يەنى دەريا يا-
ىسىدىكى ساسلىق پاتقاقلىققا قىستىغان. روھىي كۆتۈرەڭگۈ
اتىق مەشق ئۆتكەللىرىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ھەقىقىي جەڭ
ەجرىبىسى بولمىغان قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپى چېكىنگەن،
ارقاسەپ قىستىلىپ ئوتتۇرا سەپ بىلەن بىرلىشىپ 1000
ەكچى يەر شارائىتى ئەپسىز ئەھۋالدا قاپسىلىپ قالغان.
ەريا تەرەپتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلار ئاتلىرى
اتقاققا چۆككەن ۋە ئۆلگەن. شۇنداق قىلىپ 200 ئاتلىق
ۇيزۇلار قولىدا قۇربان بولغان، ھاشىخان باشلىق 300 چە
ىشى ئەسىر چۈشكەن، 300 دەك جەڭچى پاتقاقلىقتا ئاتلىرىدىن
ايرىلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن (ئاڭلاشلارغا قارى-
ىدا جەڭ شىددەتلىك بولغان. چاقىلىق تەرەپ باتۇرلۇق
ىلەن ئېلىشقان، خۇيزۇلار تەرەپتىن 200 دىن 300 گىچە
ساسەن ئۇيغۇر ياللانما ئەسكەرلەر ئۆلگەن).
قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان 200 چە كىشى 25 ـ ماي
ۈنلىرى كېچىدە ناسىر ھاجىنىڭ ئىگىلىگىدىكى دەڭ ۋە مە-
ەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ قورۇسىغا چۈشكەن، مەھەممەت
سۈپ ئەرۋاھنىڭ قورۇسىدىكى كانايچى نۇربەختى تاھارەتكە
ىقىپ باغنىڭ چېتىلىرى سىرتىدا شەپە سەزگەن. ئۆزلىرىنىڭ
ورشاۋدا قالغانلىقىنى سېزىپ دەرھال ھويلا ئىچىگە ئۆزىنى

ئېتىپ باشقىلارغا سىگنال بەرگەن. چاپىنىغا تەككەن ئوق يوتىسىنىمۇ سۈرۈپ كەتكەن، تۇردى يېڭىجاك گاجىشەن، ئېزىز ھاجىم ئايۇپ فۇگۇەنلەر باغنىڭ شىمالىدىكى ناسىر ھاجىنىڭ قورۇسىدىكى ئىبراھىم لەنجاڭلار بىلەن قوشۇلۇش ئۈچۈن جەڭ بىلەن ئۆمۈلەپ چېكىنىپ باغنىڭ شىمالىدىكى چېتىدىن يول ئېچىپ ناسىر ھاجىنىڭ قورۇسىدىكىلەر بىلەن بامدات نامىزى ۋاقتىدا قوشۇلۇپ 27 - ماي كۈنى يېرىم كېچىگىچە ناسىر ھاجىنىڭ قورۇسى ئىچىدە خوجىزۇلار بىلەن ئېتىشقان. (ئېتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار لەخمە كولاپ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان) خوجىزۇلار 28 - ماي كۈنى ئەسەبىلىشىپ ناسىر ھاجىنىڭ سارىيىغا پۈتۈنلەي ئوت قويىۋەتكەن، ئاندىن مۇڭغۇل دۆڭ يېنىغا خەلقنى توپلاپ ئەسىر چۈشكەنلەردىن 3 كىشىنى ھازىرقى ئاقتاش مازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇرجەكتە چېپىۋەتقان. ئۇلار ئىشقا يارايدىغانلىكى ئەرلەرنى ئەسىرلەر بىلەن چەرچەنگە ھەيدەپ ئالتۇن كانغا ئېلىپ چىقىپ قوراللىق ئالتۇن كولاتقان.

چاقىلىقتىكى ئەھۋالنى ھوشۇر لەنجاڭدىن ئىگىلىگەن تۇردى يېڭىجاك، ئايۇپ فۇگۇەن، تۇردى موللام، ئەيسا پەشتاق قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق مارالبېشىدىن قەشقەر تەرەپكە كەتكەن. كېيىن زۇنۇن ئىسلام دېگەن كىشى ھاكىم بولۇپ (تاشكەنتتىن كەلگەن) ھاشىمخان تۇەنجاڭ باشلىق ئەسىرلەرنى خوجىزۇ ئەسكەرلىرى بىلەن (كېلىشىم ئارقىلىق) ئالماشتۇرۇپ قايتۇرۇپ كەلگەن.

خۇيزۇلار قاق - قۇرۇق بولۇپ قالغان چاقىلىقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن چاقىلىق خەلقى ئابدىكېرەم ئەلەملەرنىڭ ئاغامچا باغلىغان تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن، قالدى - قاتتى ئەر - ئايال قېرى ياش بىر نەچچە يۈز كىشىنى سېپىل ئالدىغا يىغىپ سەيدەك (قوزۇق) نى چېپىپ تاشلىغان (ئەسلىدە تۇردى يىڭجاڭ تەرەپ قەشقەر تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى «كەپتەر» نى چەرچەن، كورلا ۋە باشقا جايلارغا ئەۋەتكەن، ئاخباراتچىلارنى «قوزۇق»، گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپتىن قورال ياراق، ئوق - دورا سېتىۋېلىپ كېلىشكە بارغان - كەلگەنلەرنى «كۇسەي» دەپ ئاتىغان ئىكەن. سەيدەك - تۇردى يىڭجاڭنىڭ چەرچەندىكى ئاخباراتچىسى بولۇپ ئۇنى بىر خائىن خۇيزۇلارغا مەلۇم قىلغان).

1935 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا خۇيزۇلار ئابدىكېرەم ئەلەمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاغامچا باغلىغان تەرەپكە بارغان. ئابدىكېرىم ئەلەم خۇيزۇلار بېسىپ كېلىۋاتقان يوللار ئۈستىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىغا «ئاغامچا باغلىغاندا 5000 ئەسكەر توپلاندى دەپ خەۋەر تارقاتقان. خۇيزۇلار بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، بۇ قېتىم ئابدىكېرىم ئەلەمنى بوغۇزلاپ، بىر كورۇشقا قېنىنى ئىچمەكچى بولغان جامالمۇ كەلگەن ئىدى.

جامال (خوتەنلىك)، تۇردى جان (چەرچەنلىك) ئەسلىدە كامال داموللا قوشۇنىدىن خۇيزۇلار تەرەپكە ئۆتىۋالغان پۈرسەتپەرەستلەر ئىدى. شۇنىسىمۇ باركى خۇيزۇلار قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئوفىتسېرلارغا لەنجاڭدىن يۇقىرى مەنسەپ بەرمىگەن (شىتاپتا يورۇيدىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) پەقەت

ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش پەيتى بولغاندا 200 دىن 500 گىچە
ئەسكەرگە باشلىقمۇ قىلاتتى. جامال، تۇردىجان دېگەنلەر ئەنە
شۇنداق خوجىزۇلارنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقدىشى بىلەن «قوشتەك
ئۇچۇپ، مۇشۇكتەك چىچىپ» ھەدىسىلا «چاقىلىقنى بويسۇندۇ-
رۇش» ئۈچۈن خوجىزۇلارنىڭ كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ چاقىلىققا
كېلەتتى. بۇ قېتىم «ئاغاچا باغلىغاندا 5000 ئەسكەر بار»
دېگەنگە جامال ئىشەنمىگەن ئىدى. خوجىزۇلار تەكشۈرۈپ
كۆرۈشنى تەكىتلىدى. (خوجىزۇلار ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي
كورلا تەرەپتىن ئەسكەر كىرگۈزگەن بولۇشى مۇمكىن دەپمۇ
ئەنسىرەشكەن) بوزچىنىڭ موكىسىدەك قاتناپ «قويچى» سۈپە-
تىدە ياسىنىپ ئابدىكېرىم ئەلەمگە خوجىزۇلار ئەھۋالىنى يەتكۈ-
زۈپ تۇرىدىغان خادىملىرى. ھەقىقەتەن چاقىلىق ئەتراپىدىكى
كەڭ لايقا، بوز كۆل، ۋاشەرى تەرەپتىكى چاپان قالدى.
شاپتۇلۇق، چەرچەن تەرەپتىكى ئازالچى، قومچاقما تەرەپلەردە
خوجىزۇ، ئۇيغۇر بولۇپ 3000 ئەتراپىدىكى قوشۇنىنىڭ ھەرى-
كەتلىنىپ يۈرگىنىنى ئىگىلەپ دوكلات قىلغان ئىدى. 100 تالچە
مىلتىق، 200 دەك ئادىمى بار ئابدىكېرىم ئەلەم ئادەملىرىنى
بېلىق تۇتۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، (ئۇلاردا بېلىق تۇتىدىغان
تور كۆپ ئىدى) چەرچەن دەرياسىنىڭ كەڭكۈن مەزگىلىدىن
پايدىلىنىپ ھەدەپ بېلىق تۇتۇپ ئېگىز دۆڭ، يوغان توغراق-
لار يېنىغا دۆۋىلەۋەتكەن، ئايالالار، بالىلار، قېرى - چۆرىلەرنى
شاخ - شۇمبا يىغىپ بېلىقلار ئۈستىگە دۆۋىلەشكە تەشكىللىگەن.
(بۇ سىرنى ئابدىكېرىم ئەلەم ھېچكىمگە تىنمىغان، بۇنىڭ
سەۋەبىنى ئاسۇرىدىغان رۇستەم ساھساق قاتارلىق ئىشەنچلىك

كىشلەرگىمۇ ئېيتىمىغان ئىكەن «كېيىن چۈشىنىسىلەر» دەپلا
قويغانىمىش) خۇيزۇلار (جامالىۇ بار) بىر كېچىسى دەريانىڭ
جەنۇبىغا كەلگەن، (ئابدىكېرىم ئەلەم پايلاقچىلىرى ئارقىلىق
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۇلار قارىسا دەريانىڭ شى-
مالىي قىرغىقىدا مىڭلىغان گۇلخانلار كۆيۈپ تۇرغان )ئەس-
لىدە بېلىقدۆۋىلىرىگە ئوت يېقىلغان ئىكەن) خۇيزۇلار «ھەقى-
قەتەن كۆپ ئەسكەر توپلىنىپتۇ» دەپ قاراپ، چەرچەننى
مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن دەرھال دەريا بويلاپ چەرچەنگە
قايتقان. شۇنىڭدىن كېيىن پارچە پۇرات كىچىك جەڭلەر بو-
لۇپ تۇرغان بولسىمۇ چوڭ ئۇرۇش بولمىغان، ئابدىكېرىم
ئەلەم چاقىلىق تەرەپكە كەلمىگەن. 1936 - يىلى ئەتىيازدا
تۇردى يىڭجاڭ، ئارىپ لەنجاڭ، تىلىۋالدى لەنجاڭ، سىيىت-
ۋالدى لەنجاڭ (بۇلارنىڭ ھەممىسى كورلىدىن) قاتارلىقلار
باشچىلىقىدا ئەسكەر باشلاپ يەنە تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي
بىلەن مارالبېشى ئارقىلىق چاقىلىققا كىرگەن.

بۇ چاغدا خۇيزۇلار ئابدىكېرىم ئەلەمگە ئالدانغانلىقىنى
بىلگەن، تۇردى يىڭجاڭنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ چاقىلىققا بىر
لىيەن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ گەنسۇ تەرەپكە ئولجىلىرىنى، ئالتۇن،
كۈمۈشلىرىنى ھەدەپ يۆتكەۋاتقان چاغ ئىدى. تۇردى يىڭجاڭ
چاقىلىقتىكى خۇيزۇ قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر تە-
رەپكە چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى توپلىماقتا ئىدى.

بۇ چاغدا شىڭ شىسەي تەرەپنىڭ قىسىملىرىدىن ياقۇپ
يىڭفۇ (مۇئاۋىن باتاليون كوماندىرى) مەخمۇت لەنجاڭ قا-
تارلىق ئادەملىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگىنىدا رەھىم لاۋيې ئابلا

ئاخـ دەخىمي تەرەپكە شىمەي شىمىك ئوخشاش دېگەنگە
مۇپى، چاقىلىق بولغان، پايلاقچىلارمۇ بىرىدىغان يۈتك-ۈزۈپ بارات
ئەھۋالى خىلى مۇرەككەپلەشكەن. لېكىن خۇيىزۇلار گەنسۇ
تەرەپكە دائىم دېگۈدەك كارۋان ماڭدۇرۇپ تۇرغانلىقتىن بۇ
قوراللىق كارۋانلار چاقىلىق خەلقىنى خاتىرجەم قىلمىغان.
تۇردى يېڭىجاڭ قاتارلىقلار ياقۇپ يەك فۇ تەرەپ بىلەن بىر-
لەشكەن. خۇيىزۇلارنىڭ خوتەن خەلقىنىڭ قېنىنى شوراپ تاپ-
قان بۇ ھارام ماللارنى چاقىلىقتا توسۇپ قېلىشقا باشلىغان.
1936 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماخۇسەن تەرەپ
«چاقىلىقنى تۇزلىۋېتىمىش» پىلانىنى تۈزۈپ يېتىپ كەلگەن.
ئاقتاز، ۋاشەرى تەرەپتىن خۇيىزۇلارنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقانـ
لىقىنى ئۇلارنىڭ سانى قوراللىرى توغرىسىدا ئېنىق ئاخبارات
ئالغان. تۇردى يېڭىجاڭ تەرەپ سېپىل ئىچىدە يېمەك - ئىچ-
مەك، ئوق - دورا توپلىغاندىن باشقا ئالتۇنتاغ تەرەپتىكى
سايلىق ۋە توغراقلىق مەھەللىسى تەرەپلەرگە بىر قىسىم كۆچ-
نى يىستىرما قىلىپ قويۇپ، ئاساسىي كۈچنى رەستىدىكى
چوڭ سېپىلگە توپلىغان، تۇرپان مەھەللىسى تەرەپتىكى ئال-
دىنقى قاراۋۇلدا تۇرغانلاردىن بالا تۇردى (چاپسان ئەۋلادى)
خۇيىزۇلار كەلدى دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن. بۇ تازا چۈش
ۋاقتى بولۇپ دەريادا كەلكۈن سۈيى ئېقىۋاتقان، كۈن ئىس-
سىق بولۇپ خۇيىزۇلار تۇزلۇق قاشقا كېلىپ جەنۇبىي سەپكە
خۇيىزۇلار، شىمالىي سەپكە جامال قاتارلىق ئۇيغۇر قوشۇنلار
بۆلۈنۈپ ماڭغان.
سايباغ تەرەپتىكى خۇيىزۇلارنىڭ ھۇجۇمى ناھايىتى شىد-

دەتلىك بولۇپ تۇردى يىڭجاڭ تەرەپتىكىلەرمۇ ئەپلىك جاي-
لارغا مەركەزلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ خۇيزۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرگەن.
خۇيزۇلار 100 دىن ئارتۇق جەسەتنى دەريادا قالدۇرۇپ ئىمىن
بەگنىڭ تۈگمىنى تەرەپكە چېكىنگەن. شىمالى سەپتە «ئابدۇ-
كېرىم ئەلەمنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىمىز» دەپ چەرچەن-
دىلا بەل تاسمىسىغا بىر كورۇشكىنى چىگىپ كەلگەن. جامال
باشچىلىقىدىكىلەر دەريا تەرەپكە ئابدىكېرەمنىڭ تىك-ەتلىك
مەھەللىدىكى قورۇسىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە چاقىلىق تە-
رەپ ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ھەممىسى دەريا ئىچىگە كىرىپ
بولغاندا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ 2 سائەتكە يەتمىگەن
ۋاقىتتا 150 تىن ئارتۇق ئادەمنى يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن
جامال تەرەپنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇنغان. لېكىن جامال 30 –
40 ئادەمى بىلەن ئابدىكېرىم ئەلەمنىڭ «قېنىنى ئىچىشتىن»
ۋاز كەچمەي ئالغا بېسىپ (بۇ چاغدا ئابدىكېرىم ئەلەم چا-
قىلىقتا يوق ئىدى) ماڭغان. ئاخىرى ئەسكەرلىرى بىر - بىر-
لەپ يەر چىشلەپ 4 – 5 نەپەر ئادەمى قالغاندا جەنۇبىي
سەپتىكى خۇيزۇ سەبداشلىرى يېنىغا چېكىنىشكە نىيەت قىل-
غان بولسىمۇ كېچىككەن ئىدى. ئۇنىڭ دەريا ئىچى بىلەن
جەنۇپ تەرەپكە ئۆتىدىغان يولى ئۈستىگە تۇردى يىڭجاڭ
ئۆزى سىپىل ئىچىدە تۇرغانلارنى باشلاپ چىقىپ تۇسۇپ
تۇرغانلىقتىن جامال رەستىگە قاچقان. تۇردى يىڭجاڭ جا-
مالنى تېرىك تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرگەچكە جەڭچىلەر ئۇنى
ئاتمىغان. ئاخىرى جامال يالغۇز قالغان.

ناماز ئەسىر ۋاقتىدا خۇيزۇلارنىڭ چېكىندۈرۈلگەن قە-

سىملىرى توپلۇشۇپ دەريانىڭ ياداگلىقلىرى يېنىدىن يـوشۇ-
رۇن كېلىپ سايباغدىكى ئوسمان خاۋا تۇرۇشلۇق قىسمىغا تۇ-
يۇقسىز زەربە بەرگەن. ئوق ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن ئـۆمەر
(كېيىن باۋجاڭ بولغان) باشلىق بىر قىسىملار ئوق يـۆتكەش
ئۈچۈن سېپىلغا ماڭغان. ئامبال بارات «شېھىتلىكىم» مـازىرى
يېنىغا تۈردى يىڭجاڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ماڭ-
غان. يول ئۈستىدە (هازىرقى يېمەكلىكلەر شىركىتى ماگىزىنى
ئورنىدا) جامال بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ (ئامبال بارات جا-
ماللىنى تونۇيدىكەن) ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان.

تۈردى يىڭجاڭ قىسمىنى باشلاپ سايباغ تەرەپكە بېرىپ
خۇيـزۇ قىسىملىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىپ غەلىبـە
قىلغان. ئاز بىر قىسىم خۇيزۇلار چەرچەن تەرەپكـە قېچىپ
كەتكەن.

ياردەم يېتىپ كەلگەنچە خۇيزۇلار بىلەن ئېلىشىۋاتقـان-
لارنىڭ سانى ئازىيىپ ئاخىرىدا قەيسەر خـەلق قـەھرىمانى
ئوسمان خاۋا قۇربان بولغانلارنىڭ مىلتىقىدىن 12 نى يىغىپ
ھەممىسىنى ئوقلاپ ئۆزى يالغۇز 100 دىن ئارتۇق خۇيزۇلار
بىلەن ئېلىشقان. 30 دىن ئارتۇق خۇيزۇنـى ئۆلتۈرۈپ ئـون
نەچچىنى يارىدار قىلغان. 9 يېرىدىكە ئوق تەگكەندىن كېيىنمۇ
نەپەسى توختىغانغا قەدەر ئېلىشقان. سايباغدىكى يوغان توغ-
راق تۈۋىدە قۇربان بولغان. (ئۇنىڭ قەۋرىسـى ھېلىمۇ شۇ
يەردە). شۇ كۈنى خۇيزۇلار ئاچچىقىدا ئېزىز هاجىمنىڭ تۈگ-
مەنچىسى توختى ئىشەك دىگەن كىشىنى تۈگمەن ھـويلىسىدا
چېپىۋاتقان. بۇ قېتىم تۈردى يىڭ جاڭ قىسىملىرىدىن ئـۆل-

گەنلەر 80 — 90 نەپەر بولۇپ خۇيزۇ ئەسكەرلەر ۋە جامال
تەرەپتىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆلگەنلەر 250 — 300 ئەتراپىدا
بولغان. 1937 - يىلى كىردشى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ باۋۇدۇن
ھاجىغا كىشى ئەۋەتىپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن چاقىرتىپ
كەتكەن. شىڭ شىسەي تەرەپ تۇردى يىڭجاڭنى ئۆلتۈرۈشنى
قەستلەپ يوشۇرۇن ئادەم قويغان. ياقۇپ يىڭفۇ، ئابلاشويى،
رېھىم لاۋيې دېگەنلەر ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.
چاقىلىق مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن كېيىن مەھ-
مۇت سىجاڭ باۋۇدۇن ھاجىلار لاداق ئېغىزى ئارقىلىق كەشمىر
تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ خەۋەر تۇردى يىڭجاڭغا يامان
تەسىر قىلغان. ئۇ مارالبېشى، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ئەتراپىدا
شىڭ شىسەيگە قارشى 2 - قېتىم قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋاتقان
ئابدۇلنىياز بىلەن ئالاقە ئورناتقان. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ-
غا يۈرۈش قىلىۋاتقان شىڭ شىسەي قىسىملىرىغا تەڭ كەلمى-
سە چاقىلىق ئارقىلىق لوپنۇر كۆلى ئەتراپىغا بېرىپ تۇر-
پان، قۇمۇل تەرەپ بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇپ ئاخىرغىچە ئې-
لىشماقچى بولۇپ كېلىشكەن، بۇ چاغدا تۇردى يىڭجاڭ ئېھ-
تىيات يۈزىسىدىن ئۆزىگە ئىشەنچلىك مەبداشلىرىدىن 70 -
80 كىشى بىلەن تىم مەھەللىسى (بۇرۇنقى بەگ مەھەللىسى)
گە چىقىپ ناسىر بەگنىڭ قوروسىدا تۇرغان. 1937 - يىلى
10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياقۇپ يىڭفۇ تۇردى يىڭجاڭنىڭ
يېنىغا كەلگەن (ئۇ ئەسلىدە رەستەدىكى سېپىلدە تۇراتتى).
ناماز ئەسىر ۋاقتىدا چىلىم تارتىپ ئولتۇرغان تۇردى يىڭ-

جاڭغا ئىككى قاناتلىق ئىشىك يوچۇقىدىن ماۋزىر ئارقىلىق ئوق ئۈزگەن. ئارقىدىن ئايۇپ فۇگۇەن ياقۇپ يىڭفۇنىسى ئېتىپ تاشلىغان. (ئەسلىدە ئايۇپ فۇگۇەن ياقۇپ يىڭ فۇنىڭ ئۈزۈندىن بۇيانقى قەستىنى بىلەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇردى يىڭجاڭغا قەست قىلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگەن ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك ياقۇپ يىڭفۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ (بەلكىم ئۇخلاپ قالغاندا بولۇشى مۇمكىن) ئۇنىڭ ماۋزىرىغا يالغان ئوق قويغان ئىكەن) ياقۇپ يىڭفۇنىڭ قورالىدىن ئوق چىقمىغان بولسىمۇ ئايۇپ فۇگۇەن ئاتقان ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈگەن تۇردى يىڭجاڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ روجىكىنى بىر تېپىپ بىلەن سۇندۇرۇپ باغ ئىچىگە سەكرىگەن. ئۆزىنى توختۇتۇپ ئالالماي كۆل ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ 500 مېتىرچە شىمالدىكى قۇربان سوپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن باۋۇدۇن باينىڭ قورۇسىغا بېرىش، ئۇيەردىن ئوزۇق ۋە بىر ئات ياكى ئېشەك ئېلىپ ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا خېلىلا قاراڭغۇ چۈشكەن.

تۇردى يىڭجاڭ باۋۇدۇن باينىڭ قورۇسى يېنىغا يېقىنلاشقاندا ئىككى كىشىنىڭ گەپلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئېرىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان. تىڭشىسا تونۇش ئاۋاز ئىكەن، تۇردى يىڭجاڭ دەپتۇ:

— ھەي ئابلا شۇيىمۇ سەن؟

— تۇردى ئاكاممۇ؟

— يېنىڭدا كىم بار؟

— رىھىم ئاكام بىلەن ئىككىمىز بۈگۈن باۋۇدۇنباينىڭ بۇ ئۆيىگە چىققانىدۇق. يېتىپ قالىدىغان جاي بولغاچقا ئەتە كېتىشنى نىيەت قىلىپ يېتىش ئالدىدىن سەيلى قىلىۋاتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سېتىلغان، ئۆزىگە خائىنلىق قىلىدىغان بەشىرىسىنى بىلمىگەن تۇردى يېڭىجاڭ ئورنىدىن تۇرغان. ئابلا شويى تۇردى يېڭىجاڭغا ئوق ئۈزگەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋاپادار ئىتى (ئايۇپ فۇگۇەن ئەۋەتكەن بولسا كېرەك) ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان (بۇ ئات تۇردى يېڭىجاڭ بىر - ئىككى كۈنلۈك يەرگە كەتكەن بولسىمۇ ئىزدەپ تاپاتتى دېگەن گەپ بار) تۇردى يېڭىجاڭ بۇلارنىڭ ئۆزىگە خائىنلىق قىلغىنىنى چۈشىنىپ دەرھال ئىتىغا مىنگەچ (يېنىدا ماۋزۇر ياكى تاپانچىسىنىڭ ياكى قىلىچىنىڭ يوقلىقىدا پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ) دەرھال ئىككىنچى ئوق ئېتىلغان، ئانچە يىراققا بارماستىن ئات تۆپىسىدە ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرالماستىن سىرىلىپ چۈشكەن. ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن نەپەستىن توختىغان. (لېكىن ئۇنىڭ ئىتى تۇردى يېڭىجاڭغا قاراپ يېنىدا ياتقان).

ئايۇپ فۇگۇەن رەستىدە قۇتلۇقنىياز شاڭيۇ سارىيىدا ئولتۇرۇشلۇق تۇردى يېڭىجاڭنىڭ ئايالى ھاشىخان قېشىغا كېلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش سۈيقەستى بولغانلىقىنى كېچىدە خەۋەر قىلىپ ھاشىخانغا تۇردى يېڭىجاڭنىڭ كىيىملىرىنى كەيدۈرۈپ، تۇردى يېڭىجاڭغا ئوخشاش ياساندۇرۇپ ئالتۇنتاغ تەرەپكە 70 - 80 كىشى بىلەن چىقىپ كەتكەن.

كېيىن كورلىدىن لى تۇەنجاڭ، خوتەن تەرەپتىن سو-

ۋېت ئايروپىلانلىرى كېلىپ خۇيزۇلارنى ئالتۇنتاغنىڭ ئېچكىر-
سىگە قىستاپ يوقاتقان. ماخۇسەن ھىندىستانغا قاچقان. ناما-
يەنى ئاز ساندىكى ئادەملىرىلا كېتەلىگەن.

كامال داموللا قىسىملىرى چەرچەننىڭ ئاق تىكەندۆڭ،
ئىسسىق ئوتـاغ تەرەپلىرىدە 1935 - يىلى ئـەتىيـاز بېشىدا
ئۇرۇشۇپ كاللا ئاستى، يانتاق قۇدۇق تەرەپلەر بىلەن خوتەن
تەرەپكە چېكىنىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، چىرىنىڭ چا-
قا تاغلىرىدا پۈتۈنلەي تارمار قىلىنغان (سۆزلەردىن قـارى-
غاندا كامال داموللا تىرىك تۇتۇلۇپ خوتەنگـە مـاخۇسەن
ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندا ئاغزىنى بۇزۇپ ھاقارەتلىگەنلىكـى،
بىللە «ئىشلەش» نى رەت قىلغانلىقتىن ماخۇسەن ئۇنىڭ ئاغ-
زىغا ئۆز قولى بىلەن قىزىتىلغان سـىماپ قۇيۇپ ئۆلتۈرگەنمىش).

# مەرىپەتپەرۋەر زات، موسا شاگزۇڭ توغرىسىدا

## ئابلا سايىت

### باۋۇدۇن چوڭ

موسا شاگزۇڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەردىن بولۇپ، 1922 - يىللىرى كورلىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن ئىشلىرى بىر قەدەر يۈرۈشۈپ، تىجارىتىدە بىر قەدەر ئاساس ياراتقاندىن كېيىن، 1924 - يىلدىن باشلاپ گەزلىمە مال، تاۋار - دۇردۇن سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا سودىدا راۋاج تېپىپ چوڭراق ئىش قىلىش نىيىتىدە، گەزلىمە مال تىجارىتىنى تاشلاپ، مويكىچىلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، توشۇش سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا 80 دىن تۆگە، 20 دىن ئارتۇق ئېشەك-خېچىر قاتارلىق قاتناش قوراللىرىغا ئىگە سودىگەر بولۇپ قالدى. ھەم بىر تېرە، يۇڭ، ئۈچەي، پىرىوم قىلىش زاۋۇتى قۇردى. كورلا، ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا خام مال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كورلا رايونىنىڭ سودا-سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، خېلى كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، خەلقنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. شۇڭا، كورلا رايونى بويىچە سودا-سانائەت ۋە باج

ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «شاڭزۇڭ» بولۇپ سايلانغان. مۇسا شاڭزۇڭ سودىگەر بولغىنى بىلەن ئىلىم - پەننى سۆيۈپ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۇ، شاڭزۇڭ بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە، كورلا رايونىنىڭ مىللىي مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇ 1935 - يىلى ھازىرقى يېڭى مەھەللە ئەتراپىدا يېپ-يېڭى پەننىي مەكتەپنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ سالغۇزۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۆز ۋاقتىدا ھەر قايسى جايلاردا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار مائارىپ - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تۇتۇپ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا خېلى ئىجابىي روللارنى ئوينىغانىدى. لېكىن كورلىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت بىناسى يوق بولۇپ، ئىشلىرى تازا راۋاج تاپالمايۋاتقان ئەھۋالدا، مۇسا شاڭزۇڭ شەخسەن ئۆزى ئۇيۇشما بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋاقتىدا پۈتكۈزۈپ بېرىپ مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ كورلا رايونىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭدىن باشقا كورلا رايونى بويىچە چوڭ جامە مەسچىتى بولسىمۇ لېكىن تۈزۈكرەك ئازادە مەدرىس يوق ئىدى. بولغاندىمۇ ھەم كونا ھەم تار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇسا شاڭزۇڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەدرىس قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نەچچە مىڭ سەر كۈمۈچ پۇل خەجلەپ، خېلى ئازادە، مۇكەممەل بولغان مەدرىس سېلىپ ئورغۇنلىغان كىشىلەرگە دىنىي

ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ خەلقنىڭ ماقتىشىغا سازاۋەر بولدى.
موساشاكىرزۇڭ يۇرت ئىچىدە سودا قىلىپ نۇرغۇن پۇل ۋە
ئابرويغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كەمتەر، ئاق
كۆڭۈل، چىقىشقاق، قولى ئوچۇق، مەرت ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر
يىلى رامىزاندا ۋە قىش كۈنلىرى نەچچە نۆۋەت كەمبەغەل
يوقسۇل كىشىلەرگە خەيرى - ساخاۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇر-
مۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆيلىرىگە ئاشلىق ۋە كىيىم - كېچەك
قاتارلىق ماددىي بويۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارغا يار-
يۆلەك بولاتتى. ئۇ ھەر قانداق ئادەم قايسى مىللەتتىن بو-
لۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ياخشى ئۆتەتتى.
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلمايتتى.
شۇڭلاشقا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىش-
كەن. 1930 - يىللىرىدىن ئىلگىرى، كورلا رايونىدا سودى-
گەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تىيەنجىنلىك سودىگەرلەر-
دىن 15 دەك ئائىلىلىك كىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى
تاۋار - دۇردۇن، تۈرلۈك گەزلىمە ۋە چاي قاتارلىق ماللارنى
ئىچكىرى ئۆلكىدىن دوكخۇاڭ - چاقىلىق ئارقىلىق توشۇپ
كورلىدا ساتاتتى. موساشاكىرزۇڭ بۇ خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭمۇ
ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. بۇ خەنزۇ سودىگەرلەر موسا
شاكىرزۇڭنىڭ نەزىرىدە ھەرگىز يات كىشىلەر بولماستىن، بىر
قېرىنداش كىشىلىرى ئىدى. شۇڭا بۇ سودىگەرلەر بىلەن ھەر
ۋاقىت ئىناق ئۆتەتتى. خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ، موساشاكىرزۇڭنى
«داگې» (چوڭ ئاكا)، دەپ چاقىراتتى. خەنزۇ سودىگەرلەر
قىيىنچىلىققا يولۇقسا موسا شاكىرزۇڭ ئىزدەپ قىيىنچىلىقلىرىنى

ەل قىلاتتى. ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. يەنە ھەر ۋاقىت باشقىلارغا ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا سۆز قىلاتتى. دائىم سودا ساھەدىكى كىشىلەر ۋە يەرلىك ئاممىغا مۇنداق دەيتتى: «بۇ خەنزۇ سودىگەرلەر ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ يۇرتىمىزغا ئوقەت قىلغىلى كەلگەن كىشىلەر. بۇلار يۇرتىمىزغا مۇساپىر، ئۇلارنىڭ بىزگە پايدىسى يەتسە يېتىدۇكى زىيىنى تەگمەيدۇ، بۇلار پارىخور ئەمەلدارلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، بىز ئۇلارنى يات ئادەملەر دەپ يەكلىمەسلىكىمىز كېرەك».

1931 - يىلى كورلا خەلقىنىڭ بېشىغا كۈلپەت ۋە زور پاراكەندىچىلىك كەلگەن يىل بولدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا زور زىيانلارنى سېلىپ مىللىي نىزا ۋە قىرغىنچىلىق پەيدا قىلدى. مالىمانچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ تۈپەيلىدىن ئاۋات شەھەر-بازارلار، يېزا - قىشلاقلار خارابىلىققا ئايلاندى.

شۇ يىلى يېڭى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن تۇخسۇن، قارا شەھەرلەردىن خۇيزۇ، ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ بىر قىسىم كىشىلەر «ئىسلام ئىچىش بايرىقى» نى كۆتۈرۈۋېلىپ، زورلۇق- زومبۇرلۇق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ «ئىسلامچى» ئىسيانكارلارنىڭ بارغانلا يېرىدە قاچ-قاچ بولۇپ كەتتى. مىللىي قىرغىنچىلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ بىگۇنا كىشىلەر «كاپىر» دىنسىز دېگەن ئاتالمىش جىنايەت بىلەن قەتلى قىلىندى. شۇ ئەسنادا كورلىدا كېسەل كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئەرمىنىستانلىق

بىر ئەرمەن دوختۇرمۇ چىقىپ تاشلاندى. مۇشۇنداق قاباھەتلىك كۈنلەردە، موسا شاكىرزۇك بىر كېچىدىلا 15 ئائىلە 30 نەپەر ئەر – ئايال، نارەسىدە بالىلارنى ھېچنېمىدىن قورقماي قۇتقۇلدۇرۇپ، ئۆز ئۆيى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىككى ئاي يوشۇرۇپ بېقىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. جاھان تىنىچلانغاندىن كېيىن، بۇ سودىگەرلەر بىرلىشىپ، بۇ قەيسەر مېھرىبان كىشى ئۈچۈن داقا – دۇمباق چېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ «بىزنىڭ ھاياتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان، مېھرىبان قۇتقازغۇچىمىز موسا ئاكىمىزغە» دېگەن تاختاينى تەقدىم قىلغان. ھەممە ئەر – ئايال، ياش – قېرىلار موساشاكىرزۇكغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن. موسا شاكىرزۇك ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە مال – مۈلكى بىلەن ھېسابلاشماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەنزۇ قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇپ، ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىلىك ئىش – ئىزلىرىنى ياراتتى.

موسا شاكىرزۇك 1945 – يىلى كورلىدا ۋاپات بولدى. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقلىقنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئىش-ئىزلىرى تابۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ، ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى.

# زونۇن ئىسلاموپنى ئەسلەيمىز

ئىبراھىم سەيدۇللا، سۇلايمان ئابدۇرېھىم

پېشقەدەم بولشېۋىك زۇنۇن ئىسلاموپ (چاقىلىقنىڭ شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ھاكىمى). ئەسلىدە قەشقەرلىك ئۇيغۇر. سوۋېت پۇقراسى. چاقىلىقتا پەننىي مائارىپنىڭ ئاساسچىسى. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئىش ئىزدەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ئىشلىگەن ۋە ئوقۇغان، ئاگرانوم، دەسلەپتە ئازاربەيجاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە ۋە بىرىنچى دۇنيا جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى باكو ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. شۇ يەردە بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئۆكتەبر ئىنقىلابى دەۋرىدە قولىغا قورال ئېلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، قارا قۇم ۋە قىزىل قۇم سەھرالىرىدىكى باسمىچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەمدە سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە تۇرۇپ قالغان. يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش (كولخوزلاشتۇرۇش) ۋە يېڭى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان. 1934 - يىلى شىڭشىسەينىڭ تەلىپى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى مەنسۇر ئەدەبىي تەخەللۇسى ۋەتەن ئوغلى. ئەۋۋەل دوبەن مەھكىمىسىدە، كېيىن

«شىنجاڭ گېزىتى»دە ئىشلىگەن) پاشچىلىقىدا سېيىت ھاجى، قادىر ھاجى، زۇنۇن ئىسلاموپنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. 1935 - يىلى 3 - ئايلاردا چاقىلىققا ھاكىم بولۇپ كەلگەن. ئۇ چاغلاردا بۇ كىشى 45–46 ياشلاردا بار ئىدى. ياۋروپاچە كىيىم-كېچەك كىيىپ يۈرەتتى. بۇ ئادەم چاقىلىققا ھاكىم بولۇپ كەلگەن چاغلار چاقىلىقنىڭ راسا پاراكەندىچىلىك دەۋرى ئىدى. ماجوڭيى باندىتلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى ھەر قاچان مەۋجۇت ئىدى. شىڭشىسەينىڭ شەرقىي شىماللىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى تۇراقسىز ئىدى. ئۇ، مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا چاقىلىقنىڭ ھاكىملىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. لېكىن شارائىت ناچار، يۇرت پاراكەندە، ئادەملەر نادان ۋە نامرات، ئىشلەپچىقىرىش قالاق بىر ئەھۋالدىمۇ ئۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، چاقىلىق خەلقى ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. شۇڭا چاقىلىق خەلقى زۇنۇن ئىسلاموپنى ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

1. مائارىپ جەھەتتە: زۇنۇن ئىسلاموپ ھاكىم بولۇپ كەلگەن چاغلاردا 100 دەك ئوقۇغۇچىنى دىنىي مەكتەپتىن يېڭىچە پەننىي مەكتەپكە تۇتۇپ ئېلىپ كەلگىلى بىر يىلدەك ۋاقىت بولغان ئىدى. لېكىن ئوقۇتۇش بىناسى (مەكتەپ) ياكى جوزا - بەندىڭ ۋە ئوقۇش قوراللىرى قاتارلىق ھېچنەرسە يوق ئىدى. قىسمەن باللار بايلارنىڭ مېھمانخانا ياكى ھويلىلىرىدا ئوقۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ ئوقۇشنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى يوق ئىدى. زۇنۇن ئىسلاموپ ھاكىم بولۇپ كەلگەن-

دىن كېيىن دەرھال مائارىپنى تۇتتى. ئۇ، مائارىپتىكى مۇ-
شۇ خىل قىيىن ئەھۋالغا ئاساسەن ناھىيە تەۋەسىدىكى باي-
لارنى يىغىپ، يەنە ئېچىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپ
سېلىشقا تۇتۇش قىلدى، «ھەممە ئادەم مائارىپقا ياردەم بېرىش،
پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ، ھۈنىرى بارلار ھۈنەر
چىقىرىش»نى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى كو-
نا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىغا 8 سىنىپلىق، كارىدورلۇق
بىر زامانىۋى مەكتەپ سالدۇردى. مەكتەپ سېلىشقا كېتىدى-
غان بارلىق ماتېرىيالنى (خىراجەت) بايلار ئۈستىگە ئالدى.
مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش سىخېمىسىنى زۇنۇن ئىسلاموپ ئۆزى
سىزدى. ئىش ئۈستىدە ئۆزى تۇردى. سىنىپلارنىڭ ئاستى
تاختاي (پول)، ئۈستى لاي لەمپە، پۈتۈنلەي گەچ بىلەن
سۇۋالغان ئىدى. ئالدى پەلەمپەيلىك بولغاچقا بەكمۇ كۆر-
كەم ئىدى. بۇ بىنانى كۆرۈپ، بۇنداق ياۋروپاچە ئۆينى كۆر-
مىگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشقانىدى. ھەتتا زۇنۇن ئىسلاموپ
ئۆزىمۇ «سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ مۇنداق مەكتەپ كەم» دەپ
ماختاپ يۈرگەن. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
ئۆز ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە خەت ساۋادى چىقىپ، ھازىر
پەننىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چوڭ ئوقۇغۇچىلاردىن 8-10 ئو-
قۇغۇچىنى ئايرىپ، ئۆز ئىشخانىسىدا ھەر كۈنى 2 سائەت
ھېسابتىن دەرس ئۆتكەن. ئۇلارغا 4 ئەمەل، ئاددى كەسىر،
ئونلۇق كەسىرلەرنى ئۆگەتكەن.

بۇندىن باشقا ۋاشەردە بىر مەكتەپ سالدۇرغان (پۇل،
ماتېرىيال تۇرسۇن شائىيۇ (لەقىمى-خىتاي) نىڭ، ئەمگەك كۈ-

چى خەلقىنىڭ). مىرەنگە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرغان. يېڭىسۇغا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپلەرنى 1936 - يىلى قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇندىن باشقا ئىگە-چاقىسىز يېتىم بالىلارنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يىغىلغان ئۆشۈر-زاكات، كىشىلەر قىلغان ئىئانە پۇلدىن دەپتەر، قەلەم، قىشلىق، يازلىق بىر قۇردىن كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن. خەلق يىغىلغان جامائەت سورۇنلىرىدا ئۈزۈلدۈرمەي مائارىپنى تەشۋىق قىلغان. مەكتەپلەرنى شەخسەن ئۆزى بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇرغان ئىدى.

2 - مەدەنىيەت جەھەتتە: خەلقنى ئويغۇتۇش ۋە ھازىرقى زاماندىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن 1938 - يىلى زۇنۇن ئىسلاموپ تاشكەنتتە ئوقۇغان سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ، بازار مەكتەپ ھويلىسىغا سەھنە ياساپ، چاقىلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئويۇن قويۇلدى. بۇ ئويۇن كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى. شۇ چاغدا سەھنىدە ئېيتىلغان مۇنداق ناخشىنى كىشىلەر ھازىرغىچە ئېيتىپ كەلمەكتە:

ساق چىشنى سۇندۇرۇپ،
ئالتۇن بىلەن ياساتقان.
كىمنى كۆرسە ھىجايغان،
قورۇق سۆلەت بىزدە بار.

دېگەن ناخشا كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. بۇندىن باشقا زۇنۇن ئىسلاموپ شەخسەن ئۆزى «ھەسەنباي» «سېيىت پىرىخون» ناملىق ئىككى كومېدىيە يېزىپ چىقىپ،

ناھىيەمىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا
سازاۋەر بولغان ۋە خەلقنىڭ زامانىغا بولغان تونۇشىنى ئۆس-
تۈرگەن. تۈرلۈك ئېيتىشماق (لەپەر)، ئومۇمەن خور، دېكلا-
ماتسىيە، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلققە رىئاللىقنى
تونۇتۇشقا ئورۇنغان. ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ كومېدىيە،
ناخشا - ئۇسسۇلغا شەخسەن ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، كىنە-
شىلەردىن زامانغا لايىقلىشىشنى تەلەپ قىلغان. كېيىم - كې-
چەككە تويمايدىغان، ھالىغا باقمايدىغان، ھەشەمەتچى، ياسان-
چۇق ئاياللارنى تەنقىد قىلىدىغان ئۆزبەكچە «ئاكاجان» («ئەك-
كەجان») دېگەن ناخشىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە ياخشى بولغان.

3 - دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە: زۇنۇن ئە-
لاەوپ ھاكىم بولۇپ كېلىش بىلەنلا چاقىلىقنىڭ سۇ مەنبەسى-
نىڭ قىسلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى ئۆستەڭلەرنى كېڭەيتىپ
چاپتۇرغان ۋە تۇنجى قېتىم كەلگۈن سۈيىدىن پايدىلىنىش،
ئۇچۇن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭى چاپقۇزغان.
ئۆستەڭ بويلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك جىرىم تىكىشنى تەشەببۇس قىل-
غان. يېزىلارنى باغ-ۋارانلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. چاقىلىققا
تۇنجى قېتىم كۆزگى بۇغداي ئورۇقى ئەكەلدۈرۈپ، كۆزگى بۇغداي
تېرىشنى يولغا قويغان. سورتلۇق ئۇرۇق تاللاشنى سىناق قى-
لىپ ئۇنۇم قازانغان. بۇرۇن بىر كالا قېتىپ دېھقانچىلىق
قىلىدىغان بۇ جايدا تۇنجى قېتىم ئىككى كالا قاتىدىغان قوش-
نى قارا شەھەردىن ئەكەلدۈرۈپ ئومۇملاشتۇرغان. بۇنىڭدا
يەر يۇمشاق ۋە چوڭقۇر ھەيدالغاچقا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى
ياخشى بولغان. ياۋا ئوتلار ئۆلۈپ، ئاشلىقنىڭ ھوسۇلى ھەھ-

سۇلاتى ئاشقان. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ كۆكتات تېرىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، قارا شەھەردىن خوتۇنىنىڭ ئۇرۇق - ئوغقانلىرى ئارقىلىق پەمىدور، لازا (چوڭ لازا) چەكسەي ئۇرۇقلىرىنى ئەكەلدۇرۇپ تېرىتقان. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئازراقتىن كۆدە (جۇسەي) تېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئومۇملاشتۇرغان.

بۇلاردىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۆمۈر سوقا، ئوما ئورۇش ماشىنىسى (سالما سېپورۇسكا)، بۇغداي تاسقايدىغان چوڭ شاھالچىنى ئەكەلدۇرۇپ ئۆزى ئىشلىتىپ كىشىلەرگە كۆرسەتكەن ۋە كىشىلەرنى مۇشۇ ئەھلىي ئىشلار ئارقىلىق ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن پاتىفۇننى ئەكەلدۇرۇپ (ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇنى «روس نەغمىسى» دەپ ئاتىشاتتى) ناخشا ئاڭلىتىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىلىم-پەننىڭ سىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

4. خەلق تۇرمۇشى جەھەتتە: يېڭىسۇدىن چاقىلىققىچە، چاقىلىقتىن ۋاشەرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆتەڭلەردە قونالغۇ جاي يوق ئىدى. يولۇچىلارغا قومۇش كەپىلەردە يېتىپ، قىش سوغۇق، ياز ئىسسىق، بوران، يامغۇرلاردا ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىق كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوپلەڭگەر بىلەن ئارغان (ھارغان)نىڭ دەرياسىدا كۆۋرۈك يوق كېمە بىلەن ئۆتەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇرتتىن ئادەم ئېلىپ ئارغان، يېكەنبوجۇمال، لوپلەڭگەر، تاتلىق بۇلاق (بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئىسمى جىنلىق «تاتلىق بۇلاق» دېگەننى زۇنۇن ئىسلاموپ قويغان» دىن ئىبارەت 4 ئورۇنغا ئاستى تاختايلىق،

چەتئەلگە قېچىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، لوپ-
نۇرغا قايتىپ كېلىپ زادىلا كورلىغا بارمىدى. چوڭ خوتۇنىنى
بۇرۇنلا تىكەنلىككە ماڭدۇرۇۋېتىپ، كىچىك خوتۇنىنى كۆنچىدە
ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپيوپىنىڭ قوروسىدا ئولتۇردى. كورلىغا قوي،
كالا، ئات ھەيدەپ ماڭغان 5—6 ئادەم ياش يىگىتلەر ئىدى.
ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلساق ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقانلىرى بار-
دۇ. ئەمەتخان ھاكىم، قورچاق سەنيىمخۇيىنىڭ ئەزاسى ئىسھاق
ھاشىملار ۋە باشقا ھايات يولداشلار يۇقىرىقى ۋەقەگە ئەلۋەتتە
شاھىدلىق قىلالايدۇ.

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاياغلىرى بىزنىڭ كورلى-
دىكى چەن يىگجاڭغا بەرگەن قوي، كالا، ئات، يامبۇلار شۇسانى
بويىچە لوپنۇردىكى 75 - پولك 2- يىڭۋاڭ ماۋجيەدېگەن (ئا -
زادلىق ئارمىيە) كىشى ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلدى.

قورچاق ھاكىم ئىمىن ۋاھىدى گەرچە ۋەتەنگە ئا -
سىيلىق قىلىپ چەتئەلگە قاچقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ
كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا، يوققا چىقىرىشقا
ھەرگىز بولمايدۇ. يولداش غۇپۇر ياقۇپنىڭ ئاتالمىش كۆنچى-
دىكى 50 نەچچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر ئاخشاملىق
ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ مۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى ئىمىن دا-
موللىنى كورلىغا كەتتى قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىغانلىقىغا
ئەقلىم زادىلا يەتمەيدۇ. مەن يامۇلنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق
تۇرۇپ مۇنداق ئەھۋالنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. 1949 -
يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەنى ئازاد بولۇپ 12 كۈندىن
كېيىن، لى پەيجاڭغا ( 50 ئەسكەرگە ) 300 قوي، 150 كالا،

50 ئات، 50 يامبۇ، 50 تاختا چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى خەلقتىن يىغىپ ئېلىشقا مەجبۇر ئەمەس. ئازادلىققا چىققان خەلقىمىز بۇ نەرسىلەرنى ئامانلىققا بەرمەيدۇ. ھەقىقەتتە قايتىپ 12 كۈن بولغاندىن كېيىنكى ئەسكەرلەرمۇ ئۇنداق زورلۇق قىلىپ، مۇئاۋىن ماكىسىنىڭ يۈزىسىگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ، مۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. قورچاق سەنبېخۇي، قورچاق گومىنداڭ ئىرقىسى ۋە قورچاق دۆلەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىلى قاتارلىق ئەكسىيەتچى مەنسەپلەر 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنلا تەبىئىي ھالدا ئەمەلدىن قالدى. مەن بىر ئاددىي پۇقرا بولۇپ قالدىم. لېكىن يولداش غۇپۇر ياقۇپنىڭ ماقالىسىدا، 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مېنى جاڭگالدىن چاقىرتىپ كېلىپ قورچاق سەنبېخۇي يىغىلىق سالامىيتىم بىلەن ئەسكەرلەردىن ھال سوراش ئۆمىكىگە قاتنىشىپتىمەن. مەندە ئۇ چاغدا يىغىلىق نىمىش قىلسۇن. بۇ مەسىلە يولداش غۇپۇر ياقۇپقىمۇ ئايان. يەنە يولداش غۇپۇر ياقۇپ ئۆزىنىڭ «ئىمىن ۋاھىدى لېپىنۇردا» دېگەن ماقالىسىدا، 1941 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىمىن ۋاھىدى تىكەنلىككە كېلىشىنىڭ يەجاڭى غۇلامىدىن ئەيسا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەزدەمەت، ئەدلىيە خىزمەتكارى ئەيسا موسالارنى بىللە ئېلىپ كەتتى دېيىلگەن. ئازاد بولۇپ ئىككى يېرىم ئايدىن كېيىنمۇ، يولداش غۇپۇر ياقۇپ سەنبېخۇينىڭ يىغىلىق تونىنى ماڭا كەيدۈرۈپ كەلگەن. مېنىڭ يۇرتۇم تىكەنلىك، ئاتا - ئانام تىكەنلىكتە بولۇپ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، ئىمىن

ۋاھىدى بىلەن ھەمسەپەر باردىم. ئۇنىڭ بۇرۇنلا قازاقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزگەن بولسام، كاللامنى ئىشلىتىشىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا ماڭماس ئىدىم.

يەنە يولداش غۇپۇر ياقۇپنىڭ «گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ لوپنۇردىكى يولسىزلىقى» مەۋزۇلۇق ماقالىسىدىن باشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ چېرىكلىرى كۆنچى شەھىرىنى قورۇقداپ قويغانلىقى، مىلتىقلىرىدىن ھەيۋە ئوقلىرىنى ئېتىپ تەھدىت سالغانلىقى، ئىككى - ئۈچيۈز تال ئوق ئېتىلغانلىقى يېزىلغان. بۇ پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ئازادلىقنى قىزغىن تەنتەنە قىلدى. جاڭگاللىقا قاچقانلار دەرھال قايتىپ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەھەر قورۇقدالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە شەھەر بۇرۇنقىدەك ئادەمگە تولدى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يەنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ 2 كۈندىن كېيىن، «شىنىخى» قارا قۇم، يامانخۇۋا، كۆنچى شەھەر خەلقى، تۇڭچېكە خەلقلىرى ئازادلىقنى تەنتەنە قىلىپ، تۇلپارلىرىنى چاپتۇرۇپ ئوغلاق تارتىش بەيگىسى قىلىشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن قورچاق ھاكىم ئىمىن داموللىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالدى. ئىمىن داموللامنى لەنبۇغا كىرىپ ئەسكەر باشلىقى لى پەيجاڭنى ئوغلاق تارتىش مەسىلىسىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا، ئۇلار شەھەردىن يىراق جايدا ئوينايدى-

غانلىقى، چۈشەنمەسلىك ئەھۋاللار تۇغۇلۇپ قالماسلىقىنى
ئۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئوغلاقچىلار ئاخىرپەشىن مەزگىلى بەيگىنى ئا-
خىرلاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوغلاقنى ئېلىپ ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ئات سېلىپ شەھەرگە كىرىدۇ.
ئارقىدىن 40 - 50 ئاتلىق ئادەم قوغلايدۇ. ئوغلاقنى ئەسلىدە
ئىمىن داموللىغا تاشلىماقچى ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۆگزىدىكى
گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ كۆزەتچىسى قورقۇپ كېتىپ ئاسمانغا قا-
رىتىپ 3 - 4 پاي ئوق چىقىرىدۇ. ئىمىن داموللا ئۆزى
چىقىپ خەلقنى تارقىتىۋېتىپ، ئەسكەرلەرگە چۈشەنچە بېرىپ
ۋەقە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ئوق
چىقىرىشى مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان.

ئەمدى قورچاق ساقچى باشلىقى ئەزىمەت بىلەن ئەس-
كەرلەر مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، قورچاق ساقچىدا 20 - 30
قوراللىق ساقچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ جۇيجاڭى ئەزىمەت،
خەنزۇچە سۆزگە ئۇستا. قابىل ئادەم ئىدى. ئەسكەر باشلىق-
لىرى بىلەن ئىناق ۋە مادارا قىلىپ ئۆتەتتى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ
چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن، ئۆزىنى ئەسكەرلەرگە دۈشمەن
قىلىپ قويۇشتىن ساقلىناتتى. لى پەيجاڭ ئەزىمەت جۇجاڭنى
«سىڭكۇ» دەپ تىللىدى. تەرجىمانلىققا سالاي دېسەم ئۇنى-
مىدى، دېگەن سۆزلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. لى
پەيجاڭ كۆپىنچە چاغلاردا قورچاق ساقچىدا ئەزىمەت بىلەن
دائىم بىللە بولاتتى، بۇلار بىر - بىرىنى چايغا (زىياپەتكە)
چاقىرىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ خېجىڭدىكى چاڭ تۇەنجاڭ قارا
شەھەرگە كېلىپ 128 - لۈيىنىڭ قاچاق لۈيجاڭى جۇڭ زۈيىڭ-

نىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ بىۋـ
ۋاستە قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتقان ئەسـ
كەرلەرنى قاتتىق تېزگىنلىدى. قارا شەھەر، بۈگۈر، چاقىلىق
قاتارلىق جايلاردا بولاڭ ـ تالاڭ قانلىق ۋەقە تۇغۇلغان
بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى 332 ـ تۇەنىنىڭ كورلىدىكى
2 ـ يىڭى ۋە لوپنۇردىكى 50 نەچچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى
ئاساسىي جەھەتتىن تىنچ ئۆتتى. بۇمۇ ئالدىن تەدبىر قوللىـ
نىپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ، بولاڭچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنغانـ
لىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. كورلىدىكى ئەسكەرـ
لەردىن لوپنۇرلۇقلار ھال سورىغاندىن كېيىن، كورلىدىمۇ
بىزگە ئوخشاش قوي، كالا، ئات، يامبۇ قاتارلىق ماددىي
نەرسىلەر بىلەن 2-يىڭ چىڭ يىڭجاڭ قىسمىدىن ھال سورىغان.
نەتىجىدە ئەسكەرلەر قوي، كالا، ئات، يامبۇيا كۆمۈلۈپ
كېتىپ، يامان غەرەزىدىن يالتايغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن
بۇ نەرسىلەرنى ئازادلىق ئارمىيە قايتۇرغۇزۇپ بەردى.

ماقالىدە يەنە باقى ھاجىم باشلىق 10 دەك ياشانغان
جامائەتلەر قۇربان ھېيت نامىزى ئۆتەش ئۈچۈن كەلگەنلىكى،
جامائەت توپلىنىپ شەھەر مەسچىتىدە ناماز ئۆتەشكە بولـ
مايدىغانلىقى، ۋەزىيەتنىڭ بەك جىددىيلىكى، شەھەر مەسچىـ
تىدە توپلىنىپ ناماز ئوقۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ھەققىدە
جىق توختالغان. ماقالىنىڭ بېشىدا شەھەر خەلقىنى قاچۇـ
رۇۋېتىپ، شەھەرنى قورۇقداپ قويدۇق دېيىلگەن. ئەمەلىيەت
ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئەھۋال ماڭا ھازىرقىدەك ئايان. 9 ـ
ئاينىڭ 4 ـ 5 ـ كۈنلىرى شەھەر تىپتىنچ بولۇپ، پۈتۈن

خەلق ئاللىقاچان قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ياشاۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بىرمۇ ئادەم جاڭگالدا قالمىغان، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (ئازادلىقتىن كېيىن) ئوسمان شاڭ-يىنىڭ ھايداقچىلىقى بىلەن جاڭگالدا ياتقان خەلقلەر تامام قايتۇرۇپ كېلىنگەن. قۇربان نامىزىنى ئوقۇيالمىغۇدەك ئۇن-داق قورقۇنۇچلۇق ۋەزىيەت ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ يوۋاشلاپ قالغان چاغلار ئىدى. قۇربان ھېيت نامىزى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چوڭ مەسچىتتە تەنتەنىلىك ئوقۇلدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى مەسچىتكە سىغماي قالدى. قۇرچاق ھاكىم ئىمىن داموللىمۇ ئۆتۈككىگە يالغان مەيسە تارتىۋېلىپ قۇربان ھېيتنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇدى. مەنمۇ نامازغا دا-خىل بولدۇم. ئىشنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك.

ئۇيغۇر تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
تاھىر ئەھمەدى، غۇلامىدىن ئەيسا،
ئابلاسايىت، ئەزىز سابىت، ئاۋۇت روزى،
پەيزۇللا ھوشۇر، موللاخۇن روزى.

مەسئۇل تەھرىر: موللاخۇن روزى